دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# مەشھۇر دىپلومات

# كىسسىنگېر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

- مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
- ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىنگۋاي 8 يۈەن
- داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
- ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
- فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
- گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
- ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچېيوف 8 يۈەن
- ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
- تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价 ： 80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# مەشھۇر دىپلومات

# كىسسىنگېر


ئاپتورى : شىياۋ خۇي

تەرجىمە قىلغۇچى : ئۆمەر مەمتىمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

外交大师——基辛格：维吾尔文/小晖编著；吾买尔·麦买提明译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3（2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.外… Ⅱ.①小… ②吾… Ⅲ.基… 生平事迹 – 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76820号

---

责任编辑　艾克巴尔·艾力
责任校对　赛娜瓦尔、扎米拉
特约校对　米克丽古丽·毛明
封面设计　祖力喀尔装帧
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
电　　话　0991-2827472
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销　各地新华书店
开　　本　880×1230毫米　32开本
印　　张　5
版　　次　2000年3月第1版
印　　次　2009年4月第2次印刷
印　　数　4001 – 7000
总 定 价　80.00 元
单　　价　8.00 元

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版、1997年1月第1次印刷本翻译出版.

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

## مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر

**ئاپتورى:** شياۋ خۇي
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئۆمەر مەمتىمىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** مېھرىگۈل مۆمىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 5
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئې ئادرېسى

# كىرىش سۆز

ھەربىر دەۋر ئۆز دەۋرىگە خاس ئاتاقلىق ئەربابلارنى يارىتىدۇ. ۋاقىت ئىستىرېلكىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا توغرىلانغىنىدا، دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىيىنچىلىق ۋە داۋالغۇش يۈز بەردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ھەربىي ھازىرلىقلارنى غالجىرلارچە كېڭەيتتى، كىشىلەرنىڭ بېشىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قويۇق يادرو ئۇرۇشى تۇمانلىرى ئەگىپ يۈرەتتى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادا ۋيېتنام ئۇرۇشى ئوتلىرى پەلەككە يەتتى، تىنچلىقنى ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. ئوتتۇرا شەرقتە شىددەتلىك بىر مەيدان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى 20 يىلدىن ئاشقان ئۆچمەنلىك يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى زورايتىپ، يەنە بىر مەيدان ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا چېگرا توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك دۈشمەنلىشىش ھالىتى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدا قىلىن توسۇق بار ئىدى، ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلار نەزىرىدە جۇڭگو گويا ئىنسانلار ئەمدىلا چىققان ئايدىنمۇ يىراق ئىدى.

بۇ دەۋر پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىستىقبالىنى قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقى

بىلەن، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ قارشىلىشىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتنى كۆپ قۇتۇپلۇق كۈچلەر بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانى تىنچلاندۇرالايدىغان ھەل قىلغۇچ ئەربابقا موھتاج ئىدى. خېنرى كىسسىنگېر مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

كىسسىنگېر گېرمانىيىلىك ئادەتتىكى يەھۇدىي كۆچمەن،ئۇ، ھارماي ـ تالماي ئىرىشىش ئارقىلىق مەشھۇر ئالىم، خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى بولغان، ھەتتا ئاقسارايغا كىرىپ، دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى تۇتىدىغان دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان. ئۇ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بىر قاتار دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، 70 ـ يىللاردا دۇنيا ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇش يولىدا زور تۆھپە قوشتى ھەمدە ئۆزىگە خاس دىپلوماتىيە پەزىلىتى بىلەن 70 ـ يىللاردىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىغا ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، دۇنيا تارىخى سەھىپىسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئالدى.

بۇ كىتابتا كىسسىنگېرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تارتىپ مەشھۇر دىپلوماتقا ئايلانغۇچە بولغان سەرگۈزەشتىلىرى شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇرەككەپ خەلقئارا دىپلوماتىيە سەھنىسىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىندى. ئەمما، بۇ كىتابتا كىسسىنگېرنىڭ شەخسىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنمەستىن، ئەكسىچە شۇ يىللاردا خەلقئارا مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن نۇرغۇن زور ۋەقەلەر گەۋدىلەندۈرۈلدى. مەسىلەن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، ۋېيتنام ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش جەريانى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر، تۆتىنچى قېتىملىق

ئوتتۇرا شەرق، ئۇرۇشى ۋە كىسسىنگېرنىڭ مۇكەممەل ئۇتۇشۇپ قىلغان سەپەر دىپلوماتىيىسى شۇنىڭدەك يورۇق بىنا ۋەقەسى ۋە ئۇ ۋەقەنىڭ ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ۋەزىيىتىدە يەنە زور ئۆزگىرىش بولماقتا. سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى. كونا دۇنيا قۇرۇلمىسى بۇزۇلدى، يېڭى قۇرۇلما تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىدى، دۇنيا يېڭىدىن مۇرەككەپ، پاراكەندىچىلىك دەۋرىگە دۇچ كەلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرىكى تارىخنى ئەسلەش، شۈبھىسىزكى، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇرمەن مۇشۇ كىتابتىكى زور ھەم ھەممىگە ئايان كۆرۈنۈشلەردىن بىر ئاز بەھرە ئالسا، مۇئەللىپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئۆسمۈر خېينتستىن بىرىنچى رادوۋوي خېنرىغىچە ......................................1
ئىككىنچى باب خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن كۈنلەر ........................................14
ئۈچىنچى باب دەرىجىدىن تاشقىرى ياردەمچى .............29
تۆتىنچى باب جىددىي ۋەزىيەت پەسەيگەن يىللار ........41
بەشىنچى باب پارىژدىكى سىر .........................61
ئالتىنچى باب جۇڭگو ....................................77
يەتتىنچى باب ئوتتۇرا شەرققە سەپەر ....................107
سەككىزىنچى باب يوروۋق بىنا بورانلىرى ....................125
توققۇزىنچى باب تىمتاس يىللار .............................139
كىسسىنگېر يىلنامىسى ......................149

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى تارقاتقۇچىسى

# بىرىنچى باب ئۆسمۈر خېينتستىن بىرىنچى رادىۋوي خېنرىغچە

دۇنياغا مەشھۇر نۈرنبېرگ كاتتا سوتى ئۆتكۈزۈلگەن گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە ئوبلاستىنىڭ نۈرنبېرگ شەھرىگە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان رېيدنىس دەرياسىنىڭ بويىغا فۈرت نامىلىق بىر قەدىمىي شەھەر جايلاشقان. 14 ـ ئەسىردە نۈرنبېرگ شەھىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار يەھۇدىيلارنىڭ نۈرنبېرگ شەھىرىگە كىرىشىنى مەنئى قىلغانىدى. شۇڭا، شۇ ئەتراپتىكى يەھۇدىيلار بارا ـ بارا فۈرت شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ فۈرت شەھرى يەھۇدىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان جايغا ئايلانغانىدى. 1923 ـ يىلى 27 ـ ماي خېينتس ئالفرېد كىسسىنگېر، يەنى كېيىنكى خېنرى كىسسىنگېر مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلدى.

كىسسىنگېر تۇغۇلغان يىللاردا، گېرمانىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەغلۇبىيىتىنىڭ خورلۇقىنى ۋە ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتاتتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئانتانتا دۆلەتلەر كەڭ زېمىنىنى ۋە مۇستەملىكىلەرنى بۆلۈشۈۋالدى، زور مىقداردىكى ئۇرۇش تۆلىمى نەتىجىسىدە ئىگىلىك ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، جەمئىيەتنى پاراكەندىچىلىك قاپلىدى. تۈرلۈك ئۇچىغا چىققان مىللەت شوۋىنىزمى ۋە قىساسچىلىق كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. كىسسىنگېر تۇغۇلغان 1923 ـ يىلى گېرمانىيىدە پۇل پاخاللىقى ۋە ئىشسىزلىق ئەھۋالى مىسلىسىز ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى. شۇ يىلنىڭ بېشىدا بىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى 18 مىڭ گېرمانىيە ماركى بولۇپ، نويابىرغا كەلگەندە 8 مىليارد ماركقا يەتتى. 1923 ـ يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدە

يىمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1914 ـ يىلىدىكىدىن 4 مىليون 300 مىڭ ھەسسە، ئۆي ئىجارىسى 54 مىليون ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئېغىر پۇل پاخاللىقىنىڭ كاساپىتى بىلەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئائىلىلەر خانىۋەيران بولۇپ يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ قالمىدى.

ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس تۈپەيلىدىن ھەر خىل خاتا پىكىر ئېقىمى تېز تارقالدى، ناتسىستىزم مۇشۇنداق مۇھىتتا باش كۆتۈردى. 1923 ـ يىلى 8 ـ نويابىر كىسسىنگېر ئەمدىلا يېرىم ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ يۇرتى فۇرت شەھىرى جايلاشقان باۋارىيە ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ميۇنخېن شەھىرىدە گېرمانىيىدە ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئادولف گىتلېر ئىسىملىك بىرى بىر تۈركۈم مۇرتلىرىنى باشلاپ شەھەر ئىچىدىكى بېرگېبىرو كېللېر ناملىق بىر پىۋىخانىغا بېسىپ كىردى. ئۇ تاپانچىسىدىن تورۇسقا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى ـ دە: «مەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردۇم» دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر پىۋىخانا سىياسىي ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش تېزلا مەغلۇپ بولدى، گىتلېرگە بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، توققۇز ئايدىن كېيىن، ئۇ مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى. ئۇ تۈرمىدە ياتقان توققۇز ئاي ئىچىدە سېسىق نامى جاھانغا پۇر كەتكەن «يالغانچىلىق، نادانلىق ۋە قورقۇنچاقلىققا قارشى قىلىنغان تۆت يىللىق كۈرەش» ناملىق كىتابىنى، يەنى «مېنىڭ كۈرەشلىرىم»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى يېزىپ چىقتى.

پاراكەندىچىلىك يىللاردا، كىسسىنگېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەرھالدا تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. كىسسىنگېرنىڭ دادىسى لۇئىس كىسسىنگېر كەم سۆز ئەمما سەزگۈر ئادەم بولۇپ، فۇرت شەھىرىدىكى بىر قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر گىرېكچە ۋە لاتىنچە دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئانىسى باۋرا

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىنىڭ تىپىك ئايال خوجايىنى بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا، ئالاقىگە ماھىر، تاماق ئېتىشكە ئۇستا ئايال ئىدى، ئېرى لۇئىس.بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى خېينتس، يەنى خېنرى كىسسىنگېر، كىچىكىنىڭ ئىسمى ۋالتېر، خېينتستىن بىر ياش كىچىك ئىدى. ئۇلار بىر سارايدىكى بەش ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۆيدە نۇرغۇن كىتاب ۋە بىر دانە پىئانىنو بار ئىدى.

ئۆسمۈر خېينتس تېنى ساغلام چوڭ بولغان بولۇپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ پۇتبول تېپىشكە ئامراق ئىدى. كىسسىنگېر بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا ئەسەبىي پۇتبول مەستانىسى ئىدى ھەمدە دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتقان مەزگىلدە تەكلىپكە بىنائەن ھەمىشە پۇتبولغا ئائىت ئوبزور ئېلان قىلاتتى. خېينتس ئۆسمۈر ۋاقىتلىرىدا ئانچە ئەقىللىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئادەتتىكىدەكلا ئىدى.

كىسسىنگېر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغاچقا ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى بىر مەزگىل بەختلىك، خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. بىراق، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىز ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى رېئال ۋەزىيەت تېزدىن بۇزۇپ تاشلىدى. 1929 ـ يىلى غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە خارابلاشتى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىلىرى بىر كېچىدىلا قۇتقۇزۇش سوممىسى ئالىدىغان ئىشسىزلار قوشۇنى قاتارىغا كىرىپ كەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەزەلدىن چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغىگە تايىنىپ كەلگەن گېرمانىيە تېخىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئىقتىسادىي كرىزىس پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئامېرىكىدا روزۋېلت زۇڭتۇڭ دۆلەت ئىقتىسادقا ئارىلىشىشتىن ئىبارەت «يېڭى سىياسەت»نى يولغا

قويدى. گېرمانىيە ۋە ياپونىيەدە بولسا فاشىستلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1930 ـ يىلى 14 ـ سېنتەبىر ناتسىستلار پارتىيىسى پارلامېنت سايلىمىدا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشتى. ئىلگىرى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئادولف گىتلېر 1933 ـ يىلى 30 ـ يانۋار قانۇنلۇق سايلام ئارقىلىق زۇڭلى بولۇپ مەقسىتىگە يەتتى. ناتسىستلار پارتىيىسى گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپەت باشلاندى.

ياۋروپا تارىخىدا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ كەمسىتىلىش، چەتكە قېقىلىش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى تولۇق بايان قىلىنغان. ئەمما، ئۇزاق تارىختىن يەھۇدىيلارغا گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسىدەك قاتتىق، دەھشەتلىك ئۆچمەنلىك قىلغانلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ناتسىستلار پارتىيىسى: «يەھۇدىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گېرمانىيىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇلار خائىنلار، جاسۇسلار، كوممۇنىستلاردىن تەركىب تاپقان، يوقىتىشقا تېگىشلىك پەس مىللەت» دەپ قارىدى. 1933 ـ يىلى ئاپرېلدا ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇرتىلىرى پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش دىلوسىنى سادىر قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، گىتلېر يەھۇدىيلارنى چەتكە قاقىدىغان تۇنجى پەرمانىنى چۈشۈردى: «يەھۇدىيلاردىن بولغان ساقچى، ئوقۇتقۇچى، ئوفىتسېر، سوت خىزمەتچىسى شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلىدۇ». 1935 ـ يىلى پارلامېنت نۇرنبېرگ شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ «نۇرنبېرگ قانۇنى»نى ماقۇللاپ، گېرمانىيىدىكى بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ «ئىككىنچى دەرىجىلىك گىراژدان»لىققا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ۋە «نەسلى ساپ» نېمىسلارنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن توي قىلىشى مەنئى قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

1938 ـ يىلى گىتلېر گېرمانىيىدىكى بارلىق يەھۇدىي

www.uyghurkitap.com

چېركاۋلىرىنى چېقىۋېتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، 35 مىڭ نەپەر يەھۇدىي جازا لاگېرىغا سولاندى. 1939 ـ يىلى يەھۇدىيلارنىڭ سوداپىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىندى. گىتلېر يەھۇدىيلارنىڭ جەمئىي 9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مال ـ مۈلكىنى ۋە 400 مىڭ يەھۇدىيلار كارخانىسىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۇ، بۇ زور بايلىقنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە گىتلېر بۇ بىر قاتار زىيانكەشلىكلىرىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇسۇۋىسىم جازا لاگېرىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئۆيى ۋە جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچىقىنى سېلىپ، 6 مىليون يەھۇدىينىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقە ئىنسانلار ئەقلىنى يوقاتقىنىدا ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا ئەسەبىيلەرچە ۋە دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ تولۇق ئىسپاتى بولۇپ قالدى.

كىسسىنگېر ئائىلىسىمۇ بارلىق يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئەنە شۇ دەھشەتلىك مۇھىتتا، تۇرمۇش كاپالىتىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىدى. لۇئىس كىسسىنگېر 1933 ـ يىلىلا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالدى، خېينىتس ۋە ئىنىسى ۋالتېرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، بىر يەھۇدىي مەكتىپىگە ئالمىشىپ كېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىش يولىدا ھەمىشە ناتسىست ياشلار ئىتتىپاقىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇپ ـ تېپىشىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان يىراق ـ يىراقلارغا قېچىپ كېتەتتى.

كىسسىنگېرنىڭ دادىسى دەسلەپتە خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا خاس ئىنتائەتمەنلىكى بىلەن، يەھۇدىيلارنى

چەتكە قېقىش دولقۇنى پات ئارىدا ئۆتۈپ كېتىدۇغۇ، دەپ قاراپ، ھەممە ئىشلارنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئەمما، رېئاللىق بارغانسېرى ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولماقتا ئىدى، خېينتس 14 ياشقا كىرگۈچە، ئۇنىڭ 12 تۇغقىنى ناتسىستلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. كىسسىنگېر ئائىلىسىدىكىلەر كۈندىن ـ كۈنگە قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىۋاتقان ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1938 ـ يىلى كىسسىنگېر 15 ياشقا كىرگەن چېغىدا، دادىسى ئائىلىدىكىلەرنى باشلاپ گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ كىسسىنگېرنىڭ ئاپىسى باۋرانىڭ ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر ھاممىسىنىڭ يېنىغا پاناھ ئىزدەپ باردى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر لوندوندىن ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىگە كەتتى.

1938 ـ يىلى ئامېرىكىدا يەككىچىلىك پىكىر ئېقىمى پۈتۈن دۆلەتنى قاپلىغان بولۇپ، خەلق ئىچكى ئىگىلىكنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىگە مەركەزلىك ھالدا كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا ياۋروپا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن زور ۋەقەلەرگە ئانچە قىزىقمايتتى. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىشىنىمۇ ياقلىمايتتى. بىراق، روزۋېلت زۇڭتۇڭ باشچىلىقىدىكى سىياسىي ساھەدىكى بىر قىسىم ئەربابلار گېرمانىيە ناتسىستلىرى كۈچىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ياپونىيىنىڭ ئاسىيا ئەللىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكا ئاخىر بۇ ئۇرۇشقا ئارىلىشىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر قاتار تەدبىرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇردى، ئۇنىڭ بىر مادددىسىدا گېرمانىيە يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە قويۇلغان چەك زور دەرىجىدە كېڭەيتىلگەنىدى. شۇ يىلى ئىچىدە 17 مىڭ 199 نەپەر گېرمانىيىلىك كۆچمەن (بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەھۇدىي كۆچمەنلەر ئىدى) ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلدى، بۇ، شۇ يىلى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن چەت ئەللىك كۆچمەنلەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى، كىسسىنگېر ئائىلىسىدىكى تۆتەيلەنمۇ مۇشۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى.

كىسسىنگېر ئائىلىسىدىكىلەر ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، باشتا نيۇيورك شەھىرىنىڭ مانخاتتون رايونىدىكى «ۋاشىنگتون ئېگىزلىكى» دېگەن جايدا تۇردى. كۆلىمى ئاران 31 كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان مانخاتتون رايونى شۇ چاغدا دۇنيا پۇل مۇئامىلە ۋە سودا مەركىزى ئىدى. چۈنكى، ئامېرىكا پۇل مۇئامىلىسى كاپىتالى توپلانغان جاي ــ داڭلىق ئۇئول سترىت كوچىسى مۇشۇ رايونغا جايلاشقان، بۇ يەردە كۆككە ئاسمان ـ پەلەك بىنالار، ئاۋات كوچىلار، شۇنىڭغا ئوخشاش نامرات، پاسكىنا، كونا ھارلېم كوچىسىدىن ئىبارەت نېگىر كەمبەغەللەر مەھەللىسىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا، گېرمانىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ئاساسەن «ۋاشىنگتون ئېگىزلىكى» دېگەن رايونغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. كۆپ سانلىق يەھۇدىي كۆچمەنلەر گىتلېرنىڭ 3 ـ ئىمپېرىيىسىدىن قېچىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلار «ۋاشىنگتون ئېگىزلىكى»نى قىزىقچىلىق قىلىپ «4 ـ ئىمپېرىيە» دەپ ئاتايتتى.

ئامېرىكىغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن كىسسىنگېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دەرھال تۇرمۇش بېسىمىغا دۇچ كەلدى. دادىسى ئازابلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ گېرمانىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە گىرېكچە ۋە لاتىنچە دەرس ئۆتكەن بىلىمىنىڭ بۇ بىر يېڭى قۇرۇقلۇقتا ھېچقانداق رولى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر ئىشخانىدا خېلى ئۇزاق ئىش بېجىرگۈچى بولۇپ ئىشلىدى.

ئاپىسى باۋرا تاماق ئېتىشكە ئۇستا بولغاچقا، شۇ يەردىكى يەھۇدىي كوچىلار زىياپەت بەرگەندە ھەمىشە ئۇنى تاماق ئېتىشكە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا ئۇنىڭ نامى چىقتى ھەمدە ئۇ تاماق ئېتىشنى مەخسۇس كەسىپ قىلىۋالدى. ئۇ، تۈرلۈك زىياپەتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ خېلى كۆپ كىرىم قىلدى. باۋرا تاكى 70 ـ يىللارغىچە باشقىلارغا تاماق ئېتىپ بېرىپ تۇردى. بىراق، بۇرۇنقى فامىلىسى باشقىلارنىڭ ئۇنى يالاپ ئىشلىتىشىگە دەخلى قىلغاچقا، ئۇ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

كىسسىنگېر ئامېرىكىغا يېڭىدىن كەلگەن چېغىدا بۇنداق تۇرمۇشقا تازا كۆنەلمىگەنىدى. كىسسىنگېر ئۆتمۈشتىكى ئازابلىق ئەسلىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىسمىنى ئامېرىكىچە خېنرى دەپ ئۆزگەرتىۋالدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى سالاھىيىتىگە خېلى ئوبدانلا ماسلىشىپ قالدى. ئۇ، گېئورگې ۋاشىنگتون تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. كىسسىنگېر بۇ چاغدا گەرچە تىل، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردە قىينالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە دەرستە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى سەۋەبىدىن، كىسسىنگېر بىر يىل ئوقۇپ شۇ مەكتەپنىڭ كەچ كۇرسىغا ئالمىشىپ، كۈندۈزى بىر باسمىخانىدا ئىشلەپ، كەچقۇرۇن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چاغدا كىسسىنگېرنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى يوق ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا نيۇيورك شەھەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بېرىپ، بوغالتىرلىقنى ئۆگەنمەكچى بولغانىدى. كىسسىنگېر كېيىن: «مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ئەڭ زور ئارزۇيۇم بوغالتىر بولۇش ئىدى» دەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كېيىن

ئۆزىنىڭ داڭ چىقىرىشىغا ۋە سىياسىي ساھەسىگە قەدەم تاشلىشىغا سەۋەب بولغان تارىخ پەيتىگە زادىلا قىزىقمايتتى. كىسسىنگېرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ناچار بولغاچقا، بىر مۇقىم خىزمەت تېپىپ، تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىلا ئويلىغانىدى. تارىخ ياكى سىياسىي ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يىراق ھەم خىيالىي ئىشلار ھېسابلىناتتى. ئەگەر تەقدىر ئىلاھى ئۇنى بىر مەھەل شۆھرەت قازىنىدىغان يولغا باشلىمىغان بولسا، ئېھتىمال رېئال تۇرمۇشتا ھېلىقى «مەشھۇر دىپلومات» كىسسىنگېر مەۋجۇت بولماستىن، پەقەت ھېچكىمگە تونۇلمىغان بوغالتىر كىسسىنگېر مەۋجۇت بولغان بولاتتى.

ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنداق يېتىپ كەلگەنىدى: 1941 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر ياپون ئارمىيىسى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە بازىسى پېئورل ـ خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان فلوتىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا رەسمىي قاتناشتى. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ھەربىر ئادەمنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزدى، 1943 ـ يىلى خېنرى كىسسىنگېر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ۋالتېر ئەسكەرلىككە ئېلىندى.

كىسسىنگېر ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، باشتا شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى كروفت ھەربىي لاگېرىغا ئەۋەتىلىپ، 12 ھەپتە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى. شۇ چاغدا، يىراقنى كۆرەر ھەربىي قوماندانلار يېڭى ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتلىك چەۋچىلەرنى يىغىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئالاھىدە تەربىيىلىگەنىدى، كىسسىنگېر شۇ پىلان بويىچە، پېنسىلۋانىيە شتاتى ئىستون شەھىرىدىكى لافايېتتى ئىنستىتۇتىغا مېخانىكا قۇرۇلۇشىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇرۇش جىددىيلەشكەنلىكى شۇنداقلا ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزىلەر بۇ پىلانغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن،

كىسسىنگېرنىڭ ئوقۇشى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. 1944 ـ يىلى ئاپرېلدا خېنرى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 84 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، لۇئىسئانا شتاتىدىكى كلايربوئېن ھەربىي لاگېرىغا يۆتكەلدى. ئۇ، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىنچىسى فىررىس كرېمل بىلەن ئۇچراشتى.

1944 ـ يىلى يازدا بىر كۈنى تاڭ سەھەردە كلايربوئېن ھەربىي لاگېرىغا بىر جىپ ماشىنا يېتىپ كەلدى، ماشىنىدىن ئامېرىكا ئارمىيىسى تارىخى بويىچە ئەڭ ھاكاۋۇر بىر ئەسكەر سەكرەپ چۈشتى ـ دە:

ــ بۇ يەردە قايسىڭلار كوماندىر؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى.

يىگىت ئەسكەرلەر تەلىم ـ تەربىيىسىگە مەسئۇل بىر پود پولكوۋنىك بىرئاز تەمتىرەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

ــ مەن بولىمەن، ئەسكەر، ــ دېدى.

ھېلىقى ئەسكەر يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ باشلىق، گېنېرال مېنى بۇ يەرگە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا نېمە ئۈچۈن قاتنىشىدىغانلىقىمىزنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىشكە ئەۋەتتى، ــ دېدى.

بۇ ئەسكەر كرېمل بولۇپ، ئۇمۇ گېرمانىيىلىك كۆچمەن ئىدى. ئەمما، ئۇ يەھۇدىي ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فرانكفۇرد گيوتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا، لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا، رىم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئىككى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئادۋوكات بولغان. گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ناتسىستلارغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئامېرىكىغا قېچىپ كەلگەن. پىرل ـ خاربور ۋەقەسىدىن كېيىن، ئارمىيىگە قاتناشقان. ئۇ، گېرمانىيىلىك ھەم ناھايىتى بىلىملىك بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنى ھەربىي لاگېرلارغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا بولغان قارىشىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئەۋەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كرېملنىڭ نۇتقى كېسسىنگېرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئەتىسى ئۇ كرېملگە مۇنداق بىر باغاق يېزىپ بەردى: «ھۆرمەتلىك بىرىنچى رادوۋوي كرېمل، تۈنۈگۈن سىزنىڭ نۇتقىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم؛ مەن سىزگە بىرەر ئىش قىلىشىپ بېرەلەرمەنمۇ؟» دەپ يېزىلغانىدى. سەممىمىي سۆز، ساددا ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بۇ باغاق دەرھال كرېملنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ كېسسىنگېر بىلەن كۆرۈشتى. سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇزىنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر، شەيئىلەرگە ئاقىلانىلىك بىلەن قارايدىغان بىرىنى ئۇچراتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، 84 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى بۇيرۇققا بىنائەن ياۋروپا ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. كرېمل دىۋىزىيە شتابىدا تۇرۇشلۇق بىر ياردەمچىلىككە ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ئارقىدىنلا دىۋىزىيە شتابىغا كېسسىنگېرنى شتاب كوماندىرىنىڭ نېمىسچە تەرجىمانلىقىغا تونۇشتۇردى. ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ھەققىدىكى بۇيرۇق تېزدىنلا چۈشۈرۈلدى. كېسسىنگېر ئاددىي ئەسكەرلىكتىن سېرژانتلىققا ئۆستۈرۈلدى.

1945 ـ يىلى مارتتا 84 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى گېرمانىيىنىڭ رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان پورت شەھىرى كرېفېلدنى ئىشغال قىلدى. ئۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ 70 پىرسەنتى ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان، 200 مىڭ ئادەم ماكانسىز قالغان، پۈتۈن شەھەر ھۆكۈمەتسىز قالايمىقانچىلىقتا قالغان بولۇپ، باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر ئىدى.

كرېمل دىۋىزىيە كوماندىرىغا شۇ چاغدا ئاددىي ئەسكەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان كېسسىنگېرنى يېڭى شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ئەۋەتىش تەكلىپىنى بەردى، ئۇ كوماندىرغا:

— مەن سىزگە بىر ئادەم تېپىپ بېرەي، ئۇ ئاران تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، نيۇيوركتا بىر باسما زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. ئەگەر ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، ئۇنى ئوتتۇن تەرگىلى سېلىڭ، ــ دېدى.

كوماندىر بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى، كىسسىنگېر قىلچە تەجرىبىسى يوق بولسىمۇ، بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاجايىپ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، نورمال ئىش باشلىغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە پۈتۈن شەھەردىكى ئىشلارنى يۈرۈشتۈردى.

كىسسىنگېر ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىغانلىقتىن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ خېسېن ئوبلاستىنىڭ بېگىستېراس رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ قولىدا ناھايىتى زور ھوقۇق ۋە بىر مەخسۇس داچا بار ئىدى. كىسسىنگېر ناتسىستلارنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان يەھۇدىي تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ رايوندىكى ھەرقانداق بىرنېمىسنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقى بولسىمۇ، قىساس ئېلىشنى ئويلىمىدى. كىسسىنگېر خىزمەتتە ئەستايىدىل بولغاچقا ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغاچقا، بىر دانە مىس ئوردېن ۋە ئىككى تەقدىرنامىگە ئېرىشتى.

1946 ـ يىلى ئاپرېلدا يەنە كرېملىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، كىسسىنگېر ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى قارمىقىدىكى ئاخباراتچىلىق مەكتىپىگە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش دەرسى ئۆتۈشكە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسەن پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بولۇپ، ئۇ ئوفىتسېرلار كىسسىنگېرنى بىز ئۇچراتقان ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ھەممىدىن ياخشى ئوقۇتقۇچى، دەپ قارىدى. كىسسىنگېرنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا قىسىم ئۇنى مەكتەپتە قېلىپ مۇلكىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. زاپاس كاپىتان ئۇنۋانى بېرىشكە،

www.uyghurkitap.com

يىللىق ئىش ھەققىنى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىلىپ بېكىتىشكە ۋەدە قىلدى. ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، پەقەت باسما زاۋۇتىدا ئىشچى بولغان بىر كۆچمەن ئۈچۈن بۇنداق مائاش خېلى زور بايلىق ھېسابلىناتتى.

ئەمما، كىسسىنگېر بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت قىلمىدى، كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ئۇنى تېخىمۇ مول بىلىم ئېلىشقا ئۈندىدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى كرېملغا:

— مەن مۇشۇ مەكتەپتە سۆزلىگەن ئازراق نەرسىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن. مەن ۋەتىنىمگە قايتىپ بېرىپ، ئەڭ ياخشى تەربىيە ئالىمەن، — دېدى.

كىسسىنگېر شۇ ئارزۇسى بويىچە 1947 ـ يىلى باھاردا قىسىمدىن ئايرىلىپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كىسسىنگېر گېرمانىيىلىك يەھۇدىي ئۆسمۈر خېينىتستىن سېپى ئۆزىدىن ئامېرىكىلىق خېنرى بولۇپ يېتىلگەنىدى، ئۇ ھاياتىدا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. ئۇ، بىلىم، نام ـ شۆھرەت، بايلىق ھەتتا ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر يولنىڭ ئىشىكىگە قەدەم تاشلىدى، ئۇ ئىشىكتە:

«خارۋارد» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىدى.

# ئىككىنچى باب  خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن كۈنلەر

ئامېرىكا نيۇيورك شتاتىنىڭ بوستون شەھىرى كامبرىج رايونىدىكى چارلىس دەرياسى بويىدا قورۇ تاملىرىغا رەڭگارەڭ ئېچىلىدىغان پىچەكگۈللەر يامىشىپ تۇرغان بىر ئۇنىۋېرسىتېت بار، مانا بۇ داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدۇر.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1636 ـ يىلى قۇرۇلغان، پۇرىتان[1] باستىر جون خارۋارد تەرىپىدىن پۇل ئىئانە قىلىنىپ قۇرۇلغاچقا، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئامېرىكىدىكى ئەڭ قەدىمىي شۇنداقلا ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتۇر. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى، بىر تۈركۈم سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلار، كاتتا سودىگەرلەر ۋە ئىلىم ـ پەن ئۇستازلىرى چىققان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەر ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى تەبىقىلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەتتا خارۋارد دەرۋازىسىغا كىرگەنلىك ھوقۇق ۋە بايلىقنىڭ ئالتۇن كۆرسىغا ئولتۇرغانلىق دەپ قارىلاتتى.

1947 ـ يىلى سېنتەبىردە كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ پەلسەپە، تارىخ ۋە سىياسىيىنى ئۆگەندى.

باشتا خارۋاردقا يېڭىدىن كىرگەندە بۇ يەر ئۇنىڭغا شۇنچە غەيرىي ھەم ناتونۇش بىلىندى. چۈنكى، كىسسىنگېردەك نامرات

---

① پۇرىتان ــ 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ئۆيۈشتۇرغان دىنىي ـ سىياسىي ھەرىكەتكە قاتناشقۇچى.

ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئامېرىكا جەمئىيىتىنى چۈشىنىشى ئىنتايىن يۈزە كۆچمەنگە بايلار، ئېسىلزادىلەر بىلەن تولغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تازا ياقمىغانىدى. شۇڭا، كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلەردە ناھايىتى مىسكىن، يېگانە يۈردى، ئۇ ياتىقىدىن سىرتقا كۆپ چىقماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئاز قاتنىشاتتى، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «زاھىت» دېيىشەتتى. كىسسىنگېر ساۋاقداشلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ئائىلىسىدىكى ئىشلىرىنى ئانچە كۆپ سۆزلەپ بەرمەيتتى. ھەتتا بىر كۈنى ۋالتېر مەكتەپكە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندىن كېيىن، باشقىلار ئاندىن ئۇنىڭ ئىنىسى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. كىسسىنگېر قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە نۇرغۇن بىلىم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى خەلقئارا سىياسەت پروفېسسورى ۋىليام ئېليوت بولۇپ، ئۇ، كىسسىنگېرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىنچىسى.

ئېليوت 20 ـ يىللاردا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، خەلقئارا سىياسىينى پۇختا بىلەتتى، 50 ـ يىللاردا ئاۋام پالاتاسىنىڭ دىپلوماتىيە كومىتېتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ھەپتىدە بىر قېتىم ئالاھىدە كونسۇلتاتسىيە ئۆيۈشتۇراتتى، ئوقۇغۇچىلار كونسۇلتاتسىيىگە قاتنىشىشتىن ئىلگىرى مەخسۇس بىر ـ ئىككى كىتابنى ئوقۇپ، تەسىراتىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، كونسۇلتاتسىيىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇلاھىزە قىلىشى كېرەك ئىدى. كىسسىنگېر ئېليوتنىڭ بىلىمى ۋە ئوقۇتۇش

ئۇسۇلىدىن ئىنتايىن قايىل ئىدى. «مەشھۇر ئۇستازغا ئۇچراپتىمەن » دەپ قارايتتى.

ئېلىيوتمۇ كىسسىنگېرنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى، بەزىدە فاكۇلتېتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى. كىسسىنگېر ئېلىيوتنىڭ قولىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئېلىيوتقا ھۆرمەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولدى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان چاغلىرىدا، گېرمانىيىلىك تارىخشۇناس ئوسۋارلد سپىنگلېرنىڭ «غەرب ئەللىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى » ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى، بىۋاسىتە سېزىمى ۋە ئىلھامىنىڭ تارىختا ئوينايدىغان رولى شەرھلەنگەن ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر غەرب تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. سپىنگلېر تارىخ بىۋاسىتە سېزىمنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا تارىخنى پەقەت بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، تەقدىرنىڭ مۇقەررەرلىكى بارلىق تارىخنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسىنى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

بۇ قاراشلار كىسسىنگېرنىڭ كېيىن يازغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەندى. سپىنگلېر «غەرب ئەللىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى» ناملىق ئەسىرىدە زوراۋانلىق سىياسىتىنى قۇۋۋەتلەپ، خەلقئارا قانۇن پەقەت «كۈچلۈكلەرنىڭ قانۇنى، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئاجىزلارغا مەجبۇرىي تېڭىلىدۇ، دۇنيا تارىخىدىكى زور كۆپ ساندىكى قارارلار ئەنە شۇنداق قانۇنلارغا كىرگۈزۈلگەن. » «دۇنيا تارىخى دۇنيا سوتى دېمەكتۇر، ئۇ ھەمىشە زوراۋانلىق ۋە ئىرق ئۈچۈن ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى قۇربان قىلىدۇ» دەپ قارايتتى.

كىسسىنگېر كېيىن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەيدىغان ئەربابقا ئايلانغىنىدا، ئۆزى يۇرگۈزگەن ئامېرىكىنىڭ «ئەمەلىيچى كۆچى»نى ئاساس قىلغان دىپلوماتىيە سىياسىتىدە، شۈبھىسىزكى، سپېنگلېرنىڭ زورلۇقلۇق سىياسىتى توغرىسىدىكى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

1950 ـ يىلى كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىسى پۈتۈنلەي «A» بولۇپ، سىنىپ بويىچە 16 نەپەر ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ «تارىخنىڭ ئەھمىيىتى» ناملىق 377 بەتلىك مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسىدە گېرمانىيىلىك تارىخشۇناس سپېنگلېر، ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس تويىنبى ۋە گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ كانتنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەسەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەم تەپسىلىي بايان قىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

كىسسىنگېر شۇ ۋەجىدىن «نەتىجىسى ئەڭ ياخشى» ئەدىب ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدىغانلار ئاز ئىدى.

كىسسىنگېر 1952 ـ يىلى ئەدەبىيات ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، 1954 ـ يىلى پەلسەپە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ، دەپ قارىغانىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە بولۇپ، دىسسېرتاتسىيىنىڭ سەۋىيىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى نەقىل كەلتۈرۈپ قوللىنىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىققا تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە بەزى پروفېسسورلارنىڭ قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى، بىراق، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىن نارازى بولغانىكەن. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئاتلانتىك ئوكيان» ناملىق ژۇرنالدا بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق خەۋەر

بېرىلدى: «كىسسىنگېر چىقىشماق قىيىن خىزمەتداش، ئۇنىڭ باشلىقىغا قول ئاستىدىكىلەردىن بەك مۇلايىم دېگەن نامى بار. يەنە بىرى، كىسسىنگېر نىيىتى يامان ئادەم، ئۇنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت ئىزدىگەنلىكى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ زور ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولغانلىقىدۇر» دەپ قارالغان.

قانداق بولسۇن، بۇ قېتىم كىسسىنگېر ئۆمرىدە بىر قېتىم زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. ھەتتا ئۇ خېلى ئۇزاققىچە بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىدى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلغانىدى، كىسسىنگېر ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ، خارۋاردتىن ئايرىلغانلىق سىياسىينىڭ مەركىزىدىن ئايرىلغانلىق بىلەن باراۋەر، دەپ قارايتتى.

كىسسىنگېر سىياسىي ساھەدە بىرەر ئىش قىلىشنى ئىنچىكە كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەچكە بۇ يەردىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى، ھەتتا ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كېيىنكى قېتىملىق پۇرسەتنى كۈتۈشكە رازى ئىدى.

كىسسىنگېر ئاخىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر قوشۇمچە خىزمەت تاللىۋالدى ـ دە، مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولدى ھەمدە 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران پروفېسسورلۇققا تەيىنلەندى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىلدە بىر تەرەپتىن، «خەلقئارا سىياسىي قائىدىلەر» ۋە «ئامېرىكا دىپلوماتىيىسىدىكى مەمۇرىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر» دېگەن ئىككى دەرسنى تەسىس قىلدى. بۇ ئىككى دەرسنىڭ ھەر ئىككىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپتىن ئۆزىگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خەلقئارا كۇرسقا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ كۇرس 1951 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن 18 قارار ئېچىلغان، 1966 ـ يىلى ۋە 1968 ـ يىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۇرسقا كىسسىنگېر رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئاساسلىق دەرس سۆزلىگۈچى بولغانىدى. كۇرسقا ئاساسەن چەت ئەللەردىكى سىياسىي ساھە ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئىقتىدارلىق ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى بار ياشلار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىقتىدارى تەربىيىلىنىپ، خەلقئارادا تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئىلگىرى سۈرۈلەتتى، ماھىيەتتە ھەرقايسى ئەللەردىكى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئۈمىد بار كىشىلەر ئارىسىدىن ئامېرىكا پەرەسلەرنى تەربىيىلەپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىش ئىدى.

خەلقئارا كۇرسنىڭ راسخوتى ئاساسەن روككېفېللېر فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلەتتى. بىر قىسىم راسخوتنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بېرەتتى.

كۇرسقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە غەربىي ياۋروپادىن 600 دەك كۇرسانت قوبۇل قىلىنغان، ئۇلاردىن بەزىلەر كېيىن سىياسىي ساھەدىكى داڭلىق مۇھىم ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

كىسسىنگېرنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن كۈنلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر قىستۇرما بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق تويى ئىدى.

خېنرى كىسسىنگېر ۋاشىنگتون تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، چوپچوڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ئاننېلىس

فىلىپىشېر ئىسسىملىك چىرايلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ئاننى ئىدى.

ئاننىمۇ گېرمانىيىنىڭ نۇرنبېرگ شەھىرىدىن ئامېرىكىغا قېچىپ كەلگەن يەھۇدىي كۆچمەن بولۇپ، مىجەزى ئوچۇق، شوخ، خۇشخۇي قىز ئىدى. بىراق، زىيادە بارىدى ـ كەلدىلەر تۈپەيلى بېرىلىپ ئۆگىنەلمىگەنلىكتىنمىكىن، نەتىجىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا، كىسسىنگېر ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن كەم سۆز، تارتىنچاق بولۇپ، ئاننىنى ئۇچراتقاندا بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. كىسسىنگېرنىڭ بۇ مىجەزى ئاننىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئاننى خېنرىنىڭ زېرەكلىكى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەلا نەتىجىسىگە ئىنتايىن زوقلىناتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن خېنرىمۇ ئاننىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە خۇشخۇيلۇقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىسسىنگېر ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن نائىلاج كەچ كۇرسقا ئالمىشىپ ئوقۇدى ھەمدە بىر باسما زاۋۇتىدا ئىشچى بولدى. ئاننىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەب بىلەن ماشىنىستىلىق قىلدى، ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ تاپقان پۇلى بىلەن خېنرىنىڭ ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈشىگە ياردەم قىلغانىدى. ئۇرۇش پارتلىغاچقا، بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار نائىلاج بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى، كىسسىنگېر ئەسكەر بولۇپ ياۋروپاغا كەتتى، ئاننى بولسا كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى ھەمدە بىر ئاشپۇزۇلدا مۇلازىمەتچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامدىدى. گەرچە پايانسىز ئاتلانتىك ئوكيان ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار بىرى ئوكياننىڭ بۇ قىرغىقىدا، يەنە بىرى ئۇ قىرغىقىدا تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى ئەسلەپ تۇردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىسسىنگېر نيۇيوركقا قايتىپ كېلىپ ئاننى بىلەن تېپىشتى، ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇرلاشتى.

1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كىسسىنگېر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئوقۇتقۇچىسى ئېلىيوت ئۇنىڭغا فاكۇلتېتتىن بىللە قوشۇمچە خىزمەت تېپىپ بەردى، ئۇ يەردە يىلىغا 1500 دوللار ئىش ھەققى بېرىلەتتى.

ئانىنىڭمۇ خىزمىتى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كىسسىنگېرنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىنى كۈتمەيلا توي قىلىش قارارىغا كەلدى. 1949 ـ يىلى فېۋرالدا ئىككىسى نيۇ ـ يوركتىكى ئۆيىدە يەھۇدىيلارنىڭ قائىدىسى بويىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، تويغا ئۇلارنىڭ بىرقانچە تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىلا قاتناشتى.

ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، ئىككىسىنىڭ تاپقان پۇلى تۇرمۇشنى قامداشقا ئاران يېتەتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇلار ئىككى پەرزەنت كۆردى، چوڭى قىز بولۇپ ئۇنىڭغا ئېلىزابېت دەپ ئىسىم قويدى، كىچىكى ئوغۇل بولۇپ ئۇنىڭغا داۋىي دەپ ئىسىم قويدى. كىسسىنگېر بۇ چاغدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى كىتاب يازاتتى، تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەيتتى ھەمدە بەزى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا بىرەسمىي مەسلىھەتچىلىك قىلاتتى. كىرىمى ئىلگىرىكىدىن بارا ـ بارا كۆپىيىپ قالغانىدى. بىراق، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىسسىنگېر بىلەن ئانىنى ئوتتۇرىسىدا ئاستا ـ ئاستا سوغۇقچىلىق يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئانىنى تىپىك ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئۆي يىغىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، بالىلارغا قارايتتى، كىسسىنگېرنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتەتتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇياتتى. كىسسىنگېر بولسا كۆن بويى پىكىر قىلىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن بولاتتى. ئۇ، ئانىنىڭ خىزمەت ۋە

ھەۋەس قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزى بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوقلۇقنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا بارغانسېرى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى نىكاھلىق تۇرمۇشى 1964 ـ يىلى ئاخىرلاشتى. ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاننى كىسسىنگېر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىنى ئۈزمىدى. ئۇ، خېنرىنىڭ ئىنىسى ۋالتېر بىلەن ھەتتا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئىككى بالىسى ئانىسى بىلەن بىللە تۇردى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىلدە بەش پارچە ئەسەر ئېلان قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ژۇرناللارغا نۇرغۇن ماقالە يازدى. كىسسىنگېر بۇ ئەسەر ۋە ماقالىلىرىدە شۇ چاغدىكى نۇرغۇن مۇھىم خەلقئارا مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغان ھەمدە ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە قارىتا ئۆزگىچە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇ ئەسەرلەر كېيىن كىسسىنگېرنىڭ سىياسىي ساھەگە كىرىشتىكى ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

1958 ـ يىلى كىسسىنگېر «يادرو قوراللىرى ۋە دىپلوماتىك سىياسەت» ناملىق كىتابنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتابتا يادرو قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسىگە ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بايان قىلىنىپ، «چەكلىك ئۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

1961 ـ يىلى كىسسىنگېر يەنە «ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئىستىقبالىنى تاللىشى زۆرۈر» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، 60 ـ يىللاردا ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى

www.uyghurkitap.com

ئۇزلۇكسىز ئاجىزلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپتىن دائىمىي ھەربىي كۈچلەرنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى، يەنە بىر تەرەپتىن دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، يىراقنى كۆزلەپ، ئەمەلىي كۈچى ئاساسىدا جانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغدىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەسەرمۇ ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنچە زۇڭتۇڭ ئۇ كىتابنى ئۈستەللىدىكى دائىم پايدىلىنىدىغان كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى.

كىسسىنگېر تارىخنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئالىم، ئۇ 1964 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «قايتىدىن قۇرۇلغان دۇنيا — ناپولېئوندىن كېيىنكى ياۋروپا: ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كونسېرۋاتىپلىق سىياسەت» ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ۋە بىلىمىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىدى.

كىسسىنگېر ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ناپولېئون ئۇرۇشىدىن كېيىن زومىگەرلىكنى تالىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان سىياسىي دىپلوماتىيە كۆرەشلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپانىڭ دىپلوماتىيە سەھنىسىدە بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ئاۋستىرىيىنىڭ باش مىنىستىرى مېتتېرنىچنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ «كۈچلەر باراۋەرلىكى دىپلوماتىيىسى» ئاساسىدا تۇرغۇزغان «تىنچلىق تۈزۈلمىسى» قارىشىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. بۇ كىتابتىن كىسسىنگېر 70 - يىللاردا يۈرگۈزگەن «كۈچلەر باراۋەرلىكى» دىپلوماتىيە سىياسىتىنى مېتتېرنىچنىڭ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، كىسسىنگېر يەنە شىمالىي ئاتلانتىك

ئوكيان ئىتتىپاقىنى تەتقىق قىلغان «ئاۋارىگەر ھەمراھ» دېگەن كىتابىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى توغرىسىدىكى ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن «ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

كىسسىنگېرنىڭ ئۇ ئەسەرلەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى يالغۇز كىتاب يېزىش ئۈچۈنلا بولماستىن، ھەقىقىي مەقسىتى سىياسىي سەھنىگە چىقىپ،ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇ، 50 ـ يىللىرى ئېيزىنخاۋېر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدىلا ۋاشىنگتون دائىرىلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئۇچراشقان ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسىمۇ، پەقەت مەسلىھەتچى بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئەمەلىي ھوقۇقنى ئېرىشەلمىگەنىدى.

1961 ـ يىلى كېنىنېدى زۇڭتۇڭ بولغاندا، كىسسىنگېر «يادرو قورالللىرى ۋە دىپلوماتىك سىياسەت » ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، خېلى داڭقى چىققان خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالدى. كېنىنېدىمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىققان بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا كىسسىنگېر بىلەن بۇرۇنلا تونۇشقانىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى، كېنىنېدى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئامېرىكا جەمئىيىتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت «يېڭى چېگرا رايون» پىلانىنى يولغا قويۇپ، زور بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىملارنى ئەتراپىغا توپلىدى. شۇڭا، كىسسىنگېر كېنىنېدىدىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى.

شۇ چاغدا كېنىنېدى زۇڭتۇڭنىڭ ئالاھىدە مەسلىھەتچىسى ئارتور شلېزىنگېرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، كىسسىنگېر دۆلەت

خەۋپسىزلىك كومىتېتىغا بىرەسمىي مەسلىھەتچى بولدى. بىراق، بۇ كىسسىنگېر كۆزلىگەن نىشاندىن خېلىلا يىراق ئىدى! كىسسىنگېر ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغاچقا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەكلىپى كۆپ قېتىم رەت قىلىنغاچقا، ئاخىرىدا بۇ ۋەزىپىدىن ئىستىپا بەردى.

جونسون ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، كىسسىنگېر يەنىلا گوۋۋېيۇەنگە بىرەسمىي مەسلىھەتچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن ۋيېتنامنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئىدى. 1965 ـ يىلى ئۆكتەبىردە كىسسىنگېر كلاك كلىفور بىلەن ۋيېتنامنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى.

كىسسىنگېر ۋيېتنامنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ۋاشىنگتوندا خەۋەر تاپقىلى بولمايدىغان نۇرغۇن پاكىتلارنى ئىگىلىدى. شۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامغا ياردەم بېرىپ ئەۋەتكەن زور مىقداردىكى ماددىي بۇيۇملىرى قاراڭغۇ بازاردا سېتىلىۋاتاتتى. جەنۇبىي ۋيېتنام قوشۇنلىرىنىڭ قىلچىمۇ جەڭگىۋارلىقى يوق ئىدى. ئاھالىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى قىلچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغان، جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانىدى.

كىسسىنگېر بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ۋيېتنام ئۇرۇشىدا ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلىشتىن زادى ئۈمىد يوق، پەقەت سۆھبەت ئارقىلىقلا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بىراق، كىسسىنگېر شۇ چاغدا ئارىدىن بىر ـ نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شۇ سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

كىسسىنگېر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرغان كۈنلەردە

ئىنتايىن مۇھىم يەنە بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. يەنى، ئۇ بولسىمۇ كىسسىنگېرنىڭ روككېفېللېر مالىيە گۇرۇھى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، روككېفېللېر دېگەن بۇ ئىسىم ئامېرىكىنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئامېرىكا بويىچە ئەڭ كونا شۇنداقلا ئەڭ چوڭ بۇ مونوپول مالىيە گۇرۇھى ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، سىياسىي ساھە، سودا ساھەسى، پۇل مۇئامىلە ساھەسى، تەشۋىقات ساھەسى، دىن ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى ھوقۇقلۇق يۇقىرى تەبىقىلەردە روككېفېللېرنىڭ نۇرغۇن گۇماشتىلىرى بار ئىدى.

كىسسىنگېرنىڭ روككېفېللېر مالىيە گۇرۇھى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان. 1955 ـ يىلى روككېفېللېر مالىيە گۇرۇھى قوللاپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتى جەمئىيىتى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ كۋانتىكو شەھىرىدە خەلقئارا مەسىلىلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئامېرىكىنىڭ بىر مۇنچە ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، قورال ـ ياراغ سانائىتىنىڭ كاتتىۋاشلىرى شۇنداقلا ئاتاقلىق ئالىملارمۇ قاتناشتى. كىسسىنگېر شۇ قېتىملىق يىغىندا روككېفېللېر جەمەتىنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان ئەربابى نېلسون روككېفېللېر بىلەن تونۇشتى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارى ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە ئۈچ دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى كىسسىنگېر يازغان، ئۇ دوكلات ئۇنىڭ كېيىن ئېلان قىلىنغان «يادرو قوراللار ۋە دىپلوماتىك سىياسەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ

ئاساسى ئىدى. شۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن نىلسون روككېفېللېر كىسسىنگېرنىڭ قابىلىيىتىگە ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۇنى روككېفېللېر فوندى جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلدى. كىسسىنگېر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن روككېفېللېرنىڭ كۆچلۈك بىر ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ن. روككېفېللېر ئۈچ قېتىم ئامېرىكا زۇڭتۇڭى سايلىمى رىقابىتىگە قاتناشقاندا، كىسسىنگېر ئۇنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى مەسلىھەتچىسى بولغانىدى. نېلسون روككېفېللېر كرېمل ۋە ئېلىيوتتىن كېيىن، كىسسىنگېرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچىنچى ئادەم.

1968 ـ يىلى ن. روككېفېللېر نيۇيورك شتاتىنىڭ شتات باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رەقىبى كېيىن زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان رىچارد نىكسون ئىدى. كىسسىنگېر روككېفېللېر ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى.

كىسسىنگېر روككېفېللېرنىڭ زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلىنىشىغا بەكلا ئىشەنگەچكە، نىكسونغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى. نىكسوننى «سىياسىي جەھەتتە ئادەتتىكىچىلا ئادەم، ئەقلىي سەۋىيىسى ئادەتتىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەن» دېدى.

ئۇ يەنە نەچچە شتاتنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىدا نىكسوننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغانلىقى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ تۈگەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېدى. لېكىن، 8 ـ ئاۋغۇست جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا سايلام نامزاتلىرىغا بىرىنچى قېتىم ئاۋاز بەرگەندە، نىكسون 692 ئاۋازغا ئېرىشتى. روككېفېللېر ئاران 277 ئاۋازغا ئېرىشىپ سايلام رىقابىتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى، نىكسون

ئوڭۇشلۇق ھالدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇپ سايلاندى.

سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىسسىنگېر قاتتىق مەيۈسلەندى ۋە كۆڭلى يېرىم بولدى. دەرۋەقە، كىسسىنگېر يالغۇز روككېفېللېرنىڭ مەغلۇبىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم ھوقۇق مەركىزىگە كىرەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. لېكىن، تەلەي ئىلاھىنىڭ كۆز ئالدىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى .

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزى قارشى تۇرغان ھەمدە كۆزىگە ئىلمىغان نىكسون ئۇنى ئاقسارايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ھوقۇقى ۋە تەسىرى ئەڭ زور «دەرىجىدىن تاشقىرى ياردەمچى» بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب دەرىجىدىن تاشقىرى ياردەمچى

1968 ـ يىلى 5 ـ نويابىر ئامېرىكىدا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى رىچارد نىكسون 31 مىليون 780 مىڭ سايلام ئەھلىنىڭ ۋە 301 بىۋاستە سايلىغۇچىنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئېرىشىپ، ئىنتايىن ئاجىز ئۈستۈنلۈك بىلەن دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى خامفرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ 37 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى، يەنى 22 ـ نويابىر جۈمە، كىسسىنگېر تەكلىپكە بىنائەن نېلسون روككېفېللېرنىڭ نيۇيوركتىكى سارىيىدا نېلسون ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشلۈك تاماققا ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار تاملىرىغا سەنئەت بۇيۇملار ئېسىلغان ھەشەمەتلىك ھۇجرىدا نىكسون روككېفېللېرنى بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەتكە قاتنىششقا تەكلىپ قىلىپ قالسا، روككېفېللېرنىڭ ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى، قايسى ئورۇننى تاللىشى لازىملىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلىدى.

تېلېفون نىكسون سايلام رىقابىتى شتابىدىن، نىكسوننىڭ كۆرۈشىدىغان ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان كاتىپى دۋايت چاپىندىن كەلگەنىدى. ئۇ، كۈتۈلمىگەندە روككېفېللېرنى ئەمەس كىسسىنگېرنى كېلەر دۈشەنبە كۈنى زۇڭتۇڭ نىكسون بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

بۇ تېلېفونغا كىسسىنگېر ۋە باشقىلار ئانچە ئېرەن قىلىپ

كەتمەي، مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. بۇ تېلېفون ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىسىنى قىلچە ئەھمىيەتسىز قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى.

25 ـ نويابىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، كىسسىنگېر نيۇيوركتىكى پىئېررى مېھمانخانىسىنىڭ 39 ـ قەۋىتىدىكى نىكسون سايلام رىقابىتى باش شتابىغا يېڭىدىن سايلانغان بۇ زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

ئۇ چاغدا نىكسون ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە 20 نەچچە يىل چىقىپ ـ چۈشۈپ يۈرگەنىدى. نىكسون ئېيزىنخاۋېر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدىلا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان ھەمدە 1960 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بولۇپ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشقان بولسىمۇ، دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى جون كېننېدى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 1962 ـ يىلى نىكسون شۇ قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىردەك ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتى ئاخىرلاشتى، دەپ قارىغان. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئامېرىكا سىياسىي ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى.

كىسسىنگېر بۇنىڭدىن ئىلگىرى نىكسون بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەن، يەنە 1967 ـ يىلى دېكابىردا مىلاد بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا، ئامېرىكا گېزىتچىلىك ئىشلىرىنىڭ كاتتىۋېشى، مەشھۇر «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ۋە «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ قۇرغۇچىسى خېنرى لۇتسېنىڭ رەپىقىسى كلارلۇتسې ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن مىلاد بايرىمى ھاراق زىياپىتىدە لۇتسې خانىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئىككىيلەن كۇتۇپخانىدا بىرپەس پاراڭلاشقانىدى.

نىكسون كىسسىنگېرنىڭ «يادرو قوراللىرى ۋە دىپلوماتىك سىياسەت» دېگەن ئەسىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە

نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم دېگەن، كىسسىنگېر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقان، بىراق تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈش بولغاچقا ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ئىككىلىسى بۇنداق ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدىكى مۇئامىلىلەرگە ماھىر بولمىغاچقا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشالمىغاندى. كېيىن كىسسىنگېر روككېفېللېرنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى مەسلىھەتچىسى بولغان ھەمدە نىكسونغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولغاچقا، نىكسون كىسسىنگېرنى ئۆزىنىڭ سايلام رىقابىتى بەنزىسىگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلغاچقا ئىككىسى شۇنىڭدىن كېيىن ئالاقە قىلىشمىغاندى. ئەمدى زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان نىكسون ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى كۆزلەپ كىسسىنگېرنى يەنە ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىمۇ باشتا كەيپىيات خېلى سوغۇق بولدى. نىكسون ناھايىتى تارتىنچاق ئىدى، ھەتتا ناتونۇش كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە بىر ئاز ھودۇقۇپ قالاتتى. گەرچە ئۇ كۆڭلىدە كىسسىنگېرنى ئىشقا قويۇش قارارىغا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، كىسسىنگېر سايلام رىقابىتىدە ئۇنىڭ رەقىبى تەرەپتە تۇرغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

شۇڭا، ئۇ سىناق تەرىقىسىدە گەپ قىلىپ، مەقسىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتمىدى. ئىككىسىنىڭ سۆزى ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە مەركەزلەشتى. كېيىن كىسسىنگېر نىكسوننىڭ ئۆزىنى يېڭى ھۆكۈمەتتە بىرەر ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش خىيالى بارلىقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالدى، لېكىن نىكسون ئوچۇق پىكرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى، سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا، كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە

ئېرىشەلمىگەنىدى. ئەتىسى نېلسون روككېفېللېر كىسسىنگېرگە تېلېفون بېرىپ، نىكسوننىڭ ئۆزىنى يېڭى ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە سىزنىڭ نۇرغۇن ئەھۋالىڭىزنى سوراۋاتىدۇ، دېدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، كىسسىنگېرگە يەنە نىكسون سايلام رىقابىتى شتابىنىڭ باشلىقى جون مىچېلدىن تېلېفون كەلدى. مىچېل كىسسىنگېرگە ئەتىسى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتتىكى خىزمىتى مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى، كىسسىنگېر مىچېل بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ كىسسىنگېرنى كۆرۈپلا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا:

ــ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىگە قانداق قارايسىز؟ ــ دەپ سورىدى. كىسسىنگېر سەل ھەيران بولۇپ:

ــ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىمدىن قىلچە خەۋىرىم يوق، ــ دېدى.

ــ يا، پەرۋەردىگارىم، ــ دېدى مىچېل پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، ــ ئۇ يەنە بۇ ئىشتىن چاتاق چىقىرىپتۇ ـ دە.

ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. 10 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن نىكسون كىسسىنگېرنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ كىسسىنگېرنى دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىلىكىگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، گوۋۋېيۇەن ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا، خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسىدىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىدىن ھەيران قالدى. ئۇ، نىكسوننىڭ

ئىلگىرىكى ئارازلىقنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۆزىنى بۇنداق مۇھىم ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. تەقدىرنىڭ ئۆزىگە ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان بولسا كېرەك، كىسسىنگېر ئالدىراپ جاۋاب بېرىۋەتمەي، ئاۋۋال ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاندىن جاۋابىنى بېرىشنى ئۆتۈندى.

كېيىنكى ئىككى كۈندە ئىچىدە، كىسسىنگېر تونۇشلىرىنىڭ ئەتراپلىق پىكرىنى ئالدى، جۈملىدىن ئۆزىنى ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان كرېملىنىڭمۇ پىكرىنى ئالدى. ئۇلار كىسسىنگېرنى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. بۇنىڭدا روككېفېللېرنىڭ قوللىشى يەنە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ناھايىتى روشەنكى، روككېفېللېر ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ دىپلوماتىك سىياسەتنى ئاساسلىق بەلگىلىگۈچى بولۇشىنى ئۆزىگە پايدىسى تەگمەي قالمايدۇ، دەپ قارىغانىدى. 29 - نويابىر كىسسىنگېر نىكسونغا جاۋاب بېرىپ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نىكسون مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇنى رەسمىي ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق كابىنېت ئەزالىرى تېخى بېكىتىلمىگەنىدى.

نىكسون كىسسىنگېرنى بىردەمدىلا كاللىسى قىزىپ كېتىپ ياقتۇرۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرى بار ئىدى. نىكسون تەختكە چىققان دەۋرىدە ئامېرىكا ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىقلارغا بوغۇلغان، ۋېيتنام ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك ھۇجۇمى بىلەن ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتقان، غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆتۈرۈلۈۋاتقان، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنى تەۋرىنىپ قالغان، 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان؛

مەملىكەت ئىچىدە بولسا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە نېگىرلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، جەمئىيەت ئىنتايىن زور پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، نىكسون ئۆزىگە ئەقىل كۆرسىتەلەيدىغان، ئۈنۈملۈك دىپلوماتىك سىياسەت تۈزۈپ چىقالايدىغان ياردەمچىگە موھتاج ئىدى.

كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى، نىكسوننىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نىكسون دىپلوماتىيە سىياستىنى گوۋۋيۇەننىڭ ئاغزىغا قارىماي، ئۆزى تىزگىنلىمەكچى بولغاچقا، كۈچلۈك بىر خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسىگە موھتاج ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، نىكسون كىسسىنگېرنى تاللىغان ھەمدە ئۇنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق بىر خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسىدىن چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى.

1969 ـ يىلى 20 ـ يانۋار نىكسون قەسەم بېرىپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، كىسسىنگېرمۇ ئاقسارايغا كىردى. كىسسىنگېر ئىشقا چۈشكەن ھامان تۈنجى قەدەمدە دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى خىزمەت كوللېكتىپىنى تەشكىللىدى.

ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار سىياستىنى تۈزۈشكە ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل ئاپپارات ئىدى. ئۇنىڭ رەئىسلىكىنى زۇڭتۇڭ بىۋاستە ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ ئەزالىرى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، مالىيە مىنىستىرى، جىددىي پىلان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شتاب باشلىقلىرى كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك

ئىشلىرى ياردەمچىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى.

ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىرمۇنچە مەخسۇس گۇرۇپپىلار بار ئىدى. زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بۇ كومىتېتنىڭ كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولاتتى.

دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنى دەسلەپتە ترۇمېن زۇڭتۇڭ تەسىس قىلغان، لېكىن نىكسوندىن ئىلگىرى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ئاساسەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى باشچىلىقىدىكى گوۋۇيۈەن باشقۇراتتى، دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ قۇرۇق نامىلا بولۇپ، ھېچقانچە رولى يوق ئىدى. نىكسون تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئاپپاراتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى دىپلوماتىك سىياسەت تۈزىدىغان ئەڭ ئالىي ئاپپارات قىلماقچى بولدى. بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە كىسسىنگېرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى.

كىسسىنگېر نىكسون خىزمەتكە چۈشۈشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ بەنزىسى ئۈچۈن ئادەم تاللاشقا باشلىغانىدى. كىسسىنگېر قابىلىيەتلىك، يېڭىلىق يارىتالايدىغان كىشىلەرنى تاللاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىلگىرى قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇللار ۋە پارتىيىلەرنىڭ سىياسىي ئەنئەنىسىنى يۈرەكلىك بۇزۇپ تاشلاپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئاپپاراتى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋە ئاخبارات تارماقلىرىدىكى ياش كەسپىي خادىملارنى دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈردى ھەمدە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم ئەربابلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۇسۇلى بىلەن نىكسون ھۆكۈمىتى بەنزىسى ئوتتۇرىسىدا تېزلا سۈركىلىش پەيدا بولدى. بىراق، نىكسون ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكتىن، كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ خىزمەت بەنزىسىنى يەنىلا ئوڭۇشلۇق تەشكىل قىلدى. ئەمەلىيەت كىسسىنگېر تاللىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇلاردىن بەزىلىرى كېيىن

ئامېرىكىنىڭ سىياسىي دىپلوماتىيە ساھەسىدە خېلى زور تەسىرى بار ئەربابلاردىن بولۇپ قالدى، ھەتتا بەزىلىرى سىياسەت بەلگىلەيدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مەسىلەن، ۋىنتسون لورد، ئالېكساندىر خاگېر، لاۋرېنس ئېيئاگلېبۇرگېر، خاررود ساندېس قاتارلىقلار.

كىسسىنگېرنىڭ چوڭ ھوقۇقى نىكسونىنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچى ۋە ئۇنى ئەتىۋارلىشىدىن كەلگەنىدى. دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىلگىرى، كىسسىنگېر تەپسىلىي بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىپ نىكسوننىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنىدۇ، شۇ چاغدا نىكسون داچىسىدا گولف توپ ئويناۋاتاتتى. كىسسىنگېر، بۇ لايىھىنى زۈكتۇڭ بىرنەچچە سائەت تەتقىق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق، نىكسون لايىھىنى قولىغا ئېلىپ بىرىنچى بېتىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپلا كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشقا تەستىقلىدى.

كىسسىنگېر نىكسوننىڭ مۇشۇنداق ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ناھايىتى تېزلا نىكسون ھۆكۈمىتىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئەمەلىي ھوقۇقلۇق ئەربابقا ئايلىنىپ قالدى.

كىسسىنگېرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھوقۇققا ئېرىششى ۋاشىنگتون ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلاردىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى روگېرس باشچىلىقىدىكى گوۋۋېيۇەنىڭ كىسسىنگېر بىلەن زىددىيىتى ھەممىدىن چوڭقۇر ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، گوۋۋېيۇەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاپپاراتى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى زور دەرىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەمما، كىسسىنگېر دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ھەمدە

www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغىمۇ بارغانسېرى كۆپ ئارىلىشىۋالغان بولغاچقا، گوۋۆيۇەننىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭغا نىكسون ھۆكۈمىتىنى «ئەڭ ئاجىز ئورۇن» ، «دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان ئەھۋالدا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ھەرىكەت قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ باھا بەردى. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىكسوننىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ئاقسارايىنىڭ قولىغا بىۋاستە تۇتقۇزۇش ئويىدىن باشقا، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى روگېرسنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

روگېرس بىلەن نىكسون ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزاقتىن بۇيان دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئىككىسى 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «جان دوست» لاردىن ئىدى. نىكسون ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان چېغىدا، روگېرس ئەدلىيە مىنىستىرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، نىكسون نۇرغۇن مەسىلىلەردە روگېرسنىڭ پىكرىنى ئالاتتى ھەمدە ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەتتى. كېننېدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، روگېرس نيۇيوركتا شەخسىي ئادۋوكات بولدى ھەمدە خېلى بېيىۋالدى.

نىكسون باشتا روگېرسنى تاللىمىغان، ئۇ ئالدى بىلەن پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ باشلىقى ۋىليام سكرانتوننى كۆزلىگەنىدى. بىراق، سكرانتون ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى جەمئىيىتى رىيدېر شىركىتىنىڭ خوجايىنى، ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان دوۋگلاس دىلاننى تونۇشتۇردى. ئەمما، دىلاننىڭ نىكسون بىلەن بىرئاز خۇسۇسىي ئاداۋىتى بولغاچقا، ئۇمۇ تاللانمىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پېشقەدەم

ئەزاسى، نيۇيورك شتاتىنىڭ سابىق باشلىقى توماس دېۋېي روگېرسنى تونۇشتۇردى. روگېرسنىڭ ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن 21 ـ نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنىغا قاتناشقاندىن باشقا ھېچقانداق دىپلوماتىيە تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئەمما، نىكسوننىڭ نەزىرىدە بۇ نۇقتا دەل ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى. چۈنكى، بۇنداقتا دىپلوماتىيە سىياسىتى ھوقۇقىنىڭ ئاقسارايىنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە روگېرس نىكسونغا ئىنتايىن سادىق، ئىتائەتچان ئىدى، بۇنداقتا نىكسون ئۆز نىيسۇنىسگە شۇكۇر قىلىدىغان، ياۋاش، گەپ ئاڭلايدىغان مەمۇرىيەت بەنزىسىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئاقسارايىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلدۇرالايتتى. دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بىلمەيدىغان بىرىنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلەش ئېھتىمال ئامېرىكا تارىخىدا كەم ئۇچرىشى مۇمكىن.

روگېرس چېۋەر ئادۋوكات سالاھىيىتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە سۆھبەت ماھىرى بولالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا ئىستراتېگىيىلىك نەزىرى كەمچىل بولغاچقا، كەلگۈسىدىكى سىياسىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقالمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، نىكسون دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا گوۋۋېيوەننى چەتكە قېقىپ روگېرسقا ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تەئەللۇق ھوقۇقنا ئېرىشىش پۇرسىتى بەرمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋيېتنام، جۇڭگو بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زور مەخپىي سۆھبەتلەرنى كىسسىنگېر بىۋاسىتە بېجىرىپ، روگېرسنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە تاشلاپ قويدى.

كىسسىنگېرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئۆزى يالغۇز تۇتقانلىقى پارلامېنتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. دېموكراتچىلار پارتىيىسىدىن بولغان ئالىي پالاتا ئەزاسى، ترۇمىن دەۋرىدە ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرى بولغان ستېۋارت سېمىنتون

www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن كىسسىنگېرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كىسسىنگېرنى چار پادىشاھ نىكولاي II نىڭ ئوردىسىدىكى ئەتىۋارلىق ئەمەلدارى راسپۇتىنغا ئوخشىتىپ، ھاكىممۇتلەقلىقتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنى ماھىيەتتە قۇرۇق جازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە ئاقسارايغا ھەر يىلى بېرىلىدىغان 2 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. نىكسون ھۆكۈمىتىدىكى كىسسىنگېردىن نارازى ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغان بىر قىسىم ئەمەلدارلارمۇ بۇ ھۇجۇمنى يوشۇرۇن قوللىدى.

ئەمما، زۇڭتۇڭ كىسسىنگېرنى قەتئىي قوللىدى، ئاقساراي بايانات ئېلان قىلىپ سېمىنتوننىڭ ھۇجۇمىنى پۈتۈنلەي كۆز بويامچىلىق، ئۇنىڭ دېگەنلىرى تامامەن خاتا ھەم ئادىل ئەمەس، دەپ ئەيىبلىدى. نىكسون پارلامېنتتا شەخسەن ئۆزى ۋەدە بېرىپ: «روگېرس مېنىڭ كابىنېتتىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ قەدىناس دوستۇم... ئۇ مېنىڭ دىپلوماتىك سىياسەت مەسلىھەتچىم... مېنىڭ دىپلوماتىك سىياسەت جەھەتتىكى تۇنجى باياناتچىم بولىدۇ» دېدى. ئەمما، بۇ ۋەدىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى.

كىسسىنگېر نىكسوننىڭ قوللىشى بىلەن ھېچ نەرسىدىن ئەندىشە قىلماي تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، ۋاشىنگتون ئەمەلدارلار سورۇنىدىكىلەر ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ بارا - بارا ئۇنىڭ بۇ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئورنىغا ئادەتلىنىپ قالدى. مۇخبىرلار زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەدبىرنى ئۇقماقچى بولسا كىسسىنگېرنى ئىزدەيدىغان بولدى؛ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ باش ئەلچىلىرى جىددىي ئىشلاردا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندىمۇ كىسسىنگېرنى ئىزدەيدىغان بولدى. كىسسىنگېر ھەتتا «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرىغا كۆرەڭلىگەن ھالدا: «بۇ ھەپتىدە كىرىزىس يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ ۋاقىت

جەدۋىلىم تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى» دېدى.

1973 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى روگېرس كىسسىنگېرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۆپرىسى قۇرۇق ئورنىغا نارازى بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا نىكسون كىسسىنگېرنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. نىكسون تېلېۋىزىيە نۇتقىدا ھەتتا: «كىسسىنگېر دوكتورنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتى ھەممىگە ئايان » دېدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىسسىنگېر سىياسىي ھاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب جىددىي ۋەزىيەت
# پەسەيگەن يىللار

كىسسىنگېر، زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىلىك ئورنىغا چىققان چېغىدا، دىپلوماتىيە جەھەتتە مۇھىم بىر ئىشقا — ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى.

ھەممىگە ئايانكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيادا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى لاگېر شەكىللەندى. ئىككى لاگېرنىڭ باشلىقى بولغان ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزاققىچە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ، بىر ـ بىرىنى چەكلەپ، پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا كەسكىن قارشىلاشتى. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە شۇ مەزگىلگە مۇناسىپ ھالدا تەڭشىدى.

ترۇمىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئاساسەن ئومۇمىيۈزلۈك «چەكلەش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغانىدى. غەربىي ياۋروپادا كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، گرېتسىيە ۋە تۈركىيىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشىغا ياردەملەشتى. ئاسىيادا چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلدى، 7 ـ فلوتىنى تەيۋەن دېڭىز بوغۇزىغا كىرگۈزدى، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توقۇنۇش قوزغىدى.

50 ـ يىللاردا ئېيزىنخاۋېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، «كەڭ

كۆلەمدە قىساس ئېلىش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، يادرو كالتىكىنى پوپوزا قىلىپ، «دۇنيا ژاندارمىسى» ۋە يەر شارى زومىگەرى بولۇشقا ئۇرۇندى.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ بارا ـ بارا ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ، كېيىنكى ئاتالمىش «جانلىق ئىنكاس قايتۇرۇش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى زومىگەرلىكىنى قوغلاشتى، كۇبادا يۈز بەرگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى بىلەن بېرلىن كرىزىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قاتتىق قارشىلاشتى ھەمدە ۋيېتنام ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، پۈتكۈل 60 ـ يىللاردا دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي ھەربىي كۈچى تېز كۈچەيدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئامېرىكىغا پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگەردى. 1962 ـ يىلى كۇبادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى يۈز بەرگەندە، ئامېرىكىنىڭ قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى 1/5 ئۈستۈنلۈك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، 1964 ـ يىلى بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى 1/4 ئىدى. لېكىن، برېژنېف تەختكە چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يادرو كۈچلىرى تەرەققىياتى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. 1967 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى 570 دانە بولۇپ، 1968 ـ يىلى 900 دانىگە كۆپەيدى. 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە 1060 دانىگە يېتىپ، سان جەھەتتە ئامېرىكىنىڭكىگە يېتىشىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو كۈچلىرى تەڭلىشىپ قالاي دېدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئامېرىكا

ۋيېتنام ئۇرۇشى پاتقاققا چوڭقۇر پېتىپ قالدى، ۋيېتنامغا زور مىقداردا ئەسكەر كىرگۈزۈش نەتىجىسىدە ئامېرىكىنىڭ باشقا يەردىكى ئەمەلىي كۈچىگە زور تەسىر يەتتى، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ گۈللىنىشى، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيىنىڭ قايتىدىن روناق تېپىشى بىلەن ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، نىكسون ھۆكۈمىتى پۈتۈن يەر شارىغا زومىگەر بولۇش خام خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ئىستراتېگىيىلىك تارايتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە «پەسەيتىش»، « كۈچنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش»نى ئاساس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئىككى سۆھبەتتە، يەنى ئىستراتېگىيىلىك قورال-لارنى چەكلەش سۆھبىتى بىلەن بېرلىن سۆھبىتىدە شۇنداقلا ئۈچ قېتىملىق ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىدە ئىپادىلەندى.

1969 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال كىسسىنگېر تەكلىپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەمەلدارى كىسسىنگېرنىڭ يېشىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ كاتتىۋېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقتى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. شۇنداق قىلىپ، كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ھاياتىدا ئەڭ كۆپ مۇئامىلە قىلىشقان رەقىبى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاناتولىي دوبرىنىن بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى.

دوبرىنىن كۈلۈمسىرىگەن، ئوچۇق ـ يورۇق، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالەتتە ئۆزىنىڭ بۆلۈمىدە كىسسىنگېرنى كۈتۈۋالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ ساندىكى قاتمال ئەمەلدارلىرىغا نىسبەتەن ، ئۇ، جانلىق، ئەمەلىيەتچان ھەم ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلالايتتى ھەمدە سۆھبەت ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدە مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ماھىر، سەل قاراشقا بولمايدىغان رەقىب ئىدى.

دوبرىنىن ئالدى بىلەن، بىز ئۇزاق بىللە ئىشلەيمىز، شۇڭا ئۆز ئارا فامىلىمىزنى ئاتماي، ئۆز ئىسمىمىزنى ئاتىشايلى، دەپ تەكلىپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «ئاناتور»، كىسسىنگېر خېنرى ئەمەس «كېنرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، چۈنكى رۇسچىدا «h» ھەرپى يوق ئىدى. دوبرىنىن، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەمدىلا كەلدىم ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ نىكسونغا دەيدىغان گېپىنى ئالغاچ كەلدىم، دېدى، ئۇ يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچلىقنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دېدى، كىسسىنگېر ئۇنىڭ زوڭتوڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش 17 ـ فېۋرال ئەمەلگە ئاشتى. دوبرىنىن ئېلليپس شەكىللىك ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ نىكسونغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى شەرھلىدى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى خالايدۇ، ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرىنى چەكلەش سۆھبىتىگە تېزرەك تەييارلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى ھەمدە ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارلىقىدىن بېشارەت بەردى.

نىكسون ناھايىتى خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلىپ خۇشاللىقىنى چىرايىغا چىقارمىدى. ئۇ، ئالىي دەرىجىلىكلەر

سۆھبەتتىگە تەپسىلىي تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق، ئامېرىكا سۆھبەت مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى خالايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ھەممىدە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق، ۋيېتنام ۋە بېرلىن ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى قارىشىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا، نىكسون دوبرىنىنغا خۇپىيانە ھالدا، بۇنىڭدىن كېيىن زور مەسىلىلەردە ئاۋۋال كىسسىنگېر بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىشلەر، دېدى ھەممىدە ئاقسارايىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىنانىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى روزۋېلت پىلان بۆلۈمىنى ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان ئورنى قىلىپ ئايرىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلغان «قول» ئېچىلدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى كىسسىنگېر بىلەن دومبرىنىنىڭ ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. «يول»نىڭ ئېچىلىشى كىسسىنگېرنىڭ مەخپىي دىپلوماتىيىسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە روگېرس باشچىلىقىدىكى گوۋۇيۇەننىڭ زور دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىدە رەسمىي چەتكە قېقىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1969 ـ يىلى 17 ـ نويابىر ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى فىنلاندىيىنىڭ پايتەختى خېلسىنكى شەھىرىدە رەسمىي ئۆتكۈزۈلدى. گېرارد سمىت بىلەن ۋلادىمىر سېمىيونوف ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەندى. سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1. ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللار جەھەتتە، ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان يادرو بومبىسىنىڭ سانىنى ئامېرىكىدا بار بولغان 1710 دا چەكلەپ،

تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئازايتىدۇ، بۆلۈنۈپ ئۇچىدىغان كۆپ باشلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تۈرلەرگە ئايرىپ چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا، «ئالدىنقى قىرغاق سىستېمىسى»نى (يەنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاۋئاماتكىنى بازا قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يادرو زەربىسى بېرەلەيدىغان ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى) چەكلەيدىغان قوراللار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

2. تىرايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى جەھەتتە، ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىلىرىنىڭ ئەتراپىدا تىرايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا تىرايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى قۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەشنى ياكى پەقەت ئىككى دۆلەت ئۆزىنىڭ پايتەختى ئەتراپىدىلا قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

3. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدى بىلەن تىرايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئامېرىكا بولسا ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللار ۋە تىرايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدا بىرلا ۋاقىتتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانى بىر - بىرىدىن خېلى بەك پەرق قىلغاچقا، سۆھبەت باشلىنىپلا قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىئېنفۇگوس كرىزىسى يۈز بەرگەچكە، ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى سۆھبەت پۈتۈنلەي قويۇپ تۇرۇلدى.

كۇبانىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدا شىئېنفۇگوس ناملىق بىر دېڭىز پورتى بار. 1970 - يىلى 26 - ئاۋغۇست «U-2» بەلگىلىك بىر رازۋېدكا ئايروپىلانى بۇ پورتنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردىكى قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە ئالدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر فلوتى كۇباغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇ ئاستى كېمىلىرىنى رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئاستى پاراخوتى ۋە ئېغىر تىپتىكى قۇتقۇزۇش پاراخوتى بارلىقى توغرىسىدا ئاخبارات كەلگەنىدى. بۇ سۈرەت كىسسىنگېرنىڭ تېزدىن دىققىتىنى قوزغىدى. سۈرەتتە يېڭىدىن ياسالغان ئىككى گازارما ئۆيى، مەمۇرىيەت بىناسى ۋە بەزى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى جۈملىدىن بىر پۇتبول مەيدانى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىسسىنگېر كونا پۇتبول مەستانىسى بولغاچقا، كۇبالىقلارنىڭ پۇتبولنى ئانچە كۆپ ئوينىمايدىغانلىقىنى، بۇ، روشەنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بازىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

19 ـ سېنتەبىر دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى ۋاشىنگتون ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەھكەم يادرو سۇ ئاستى كېمىسى بازىسى قۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە 1962 ـ يىلى كېنىدى بىلەن خىروششېف ئىمزالىغان كۇبادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى قۇرماسلىق توغرىسىدىكى كېلىشىمدىن كاۋاك ئىزدەپ، بۇ بازىنى دېڭىز بويىدىكى ئاراللاردا قۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارىدى.

كىسسىنگېر نىكسونغا تېز ھەرىكەت قوللىنىش، پوزىتسىيىدە قاتتىق بولۇش، ئەمما رەقىبىگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. نىكسون ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. ئارقىدىن، كىسسىنگېر ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۇبادا يادرو سۇ ئاستى كېمىسى بازىسى قۇرماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى، ئەمما بۇ بازىنىڭ قۇرۇلۇپ بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرىسىدا توختالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا بىر قوغلىغۇچى پاراخوتنى شىئېنفۇگوسقا يېقىن ھەيدەپ بېرىپ، يۇقىرىقى ئاگاھلاندۇرۇشنى قوۋۋەتلىدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاخىرلىشىپ ئارىدىن ئىككى

سائەت ئۆتكەندە، كىسسىنگېر دوبرىنىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىئېنفۇگوستىكى قۇرۇلۇشىنى چېقىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بولمىسا، زۆرۈر تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دوبرىنىن جىددىي تۇستە ئامېرىكا 1962 ـ يىلىدىكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىندى دەپ قارامدۇ، دەپ سورىدى، كىسسىنگېر دەرھال رەددىيە بېرىپ، بۇ قانۇنلۇق ماددىلاردىن يوچۇق ئىزدىگەنلىك، رەزىل ئالدامچىلىق، ئامېرىكىنىڭ كۇبادا بىۋاستە مەنپەئىتى بار، 1962 ـ يىلى ئىمزالانغان كېلىشىمدىكى سۆزلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دېڭىزدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى قۇرۇقلۇقتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار بېسىم ئالدىدا يول قويىدى. 6 ـ ئۆكتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقى «يول» ئارقىلىق كۇبادا بازا قۇرماسلىققا ۋەدە بەردى. شىئېنفۇگوس كرىزىسى پەسەيدى.

1970 ـ يىلى نويابىردا ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى خېلسىنكى شەھىرىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ مۇرەسسەلىشىشكە قوشۇلماي، سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى. ھالبۇكى، شۇ چاغدىن باشلىنىپ خېلسىنكى بىلەن ۋېينادا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت سىمۋوللۇق مەنىگىلا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىك سۆھبەت ئاقسارايدىكى ئەتراپىنى كاككۇكگۈللىرى ئوراپ تۇرىدىغان پىلان بۆلۈمىدە، كىسسىنگېر بىلەن دوبرىنىن ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ سۆھبەتتىكى ئورنى بەكلا ئاجىز ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ سانى 1970 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى ھەمدە تېز كۆپىيىۋاتاتتى. مەملىكەت ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

كېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان سادالار ئۈزلۈكسىز كۆچەيگەن، جامائەت پىكرى ۋە پارلامېنت بارغانسېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنمەكتە ئىدى. 12 ـ ئاۋغۇست تراييېكتورىيىگە قارشى بارلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا پىلانىنى توختىتىش ھەققىدىكى لايىھە كېڭەش پالاتاسىدا ناھايىتى ئاز پەرق بىلەن ئىنكار قىلىندى. 1971 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغا كەلگەندە، تراييېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى ياساشنى توختىتىش بېسىمى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىدە يول قويۇشنى خالىمىغاچقا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ماھارىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ بىرلىن سۆھبىتىدە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، دېموكراتىك گېرمانىيىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئالدىراۋاتقان روھىي ھالىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئىككى سۆھبەتنى بىر ـ بىرىگە چېتىشنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلەتتى.

ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار جاھىل ھەم ھىيلىگەر ئىدى. ئۇلار سۆھبەت جەريانىدا تۈرتۈپلا ئىلگىرىلەش، تۈرتۈپلا چېكىنىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، كۆرۈنۈشتە يول قويغاندەك قىلىپ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشمەكچى بولاتتى.

1971 ـ يىلى 4 ـ فېۋرال دوبرىنىن تراييېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى چەكلەش كېلىشىمىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ھۇجۇم خاراكتېرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى قۇرۇلۇشىنى توختىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 10 ـ فېۋرال دوبرىنىن يەنە تراييېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى چەكلەش كېلىشىمىدە ئىككى

دۆلەتنىڭ پايتەختىدە ئۇرۇنلاشتۇرۇش لايىھىسىنى قوللىنىشنى ئېيتتى.

لېكىن، 12 ـ مارتقا كەلگەندە دوبرىنىن ئالدىنقى قېتىمدا يول قويغانلىرىدىن يېنىۋېلىپ، بۇ يىل ئىچىدە ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتىنى ئۆتكۈزەيلى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

كىسسىنگېر بۇنداق ئۆزگىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ بىر ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ، ئەگەر بۇ ئالاھىدە يول ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئۇچۇرلار رەسمىي سۆھبەتتە ئۇلارنىڭ ئالللىقاچان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان مەيدانى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يولنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان بولىدۇ، دوبرىنىن بەزى نەرسىلەرنى يوشۇرغان بولسا كېرەك، دەرۋەقە، يېڭى لايىھىنى كىسسىنگېر كەسكىن رەت قىلغاندىن كېيىن، دوبرىنىن ئىككى تەرەپنىڭ لايىھىسىنى بىرلەشتۇرۇپ، بەزى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ يول قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەتتى.

16 ـ مارت ئىككى تەرەپنىڭ لايىھىسىنى بىرلەشتۇرۇش ئاساسىدا، كىسسىنگېر دوبرىنىن بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە مۇرەسسە ھاسىل قىلدى. ئىككى تەرەپ ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدا دەرھال كېلىشىم ھاسىل قىلماقچى شۇنداقلا «ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم خاراكتېرلىك» قوراللار بازىسى قۇرۇلۇشىنى توختاتماقچى بولدى. لېكىن، سۆھبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى پەقەت ئىككى دۆلەتنىڭ پايتەختىگىلا ئۇرۇنلاشتۇرۇش دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. 26 ـ ئاپرېل كىسسىنگېر كېلىشىمدە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان قويۇپ بېرىش مەيدانلىرى توغرىسىدىكى ماددىلارنى كېيىنكى سۆھبەتلەردە قارار قىلىشتىن ئىبارەت مەسىلىنى ھەل

قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كېلىشىم ھاسىل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار يەنە يوق يەردىن پۇتاق چىقاردى. 2 ـ ماي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتناشقان باش ۋەكىلى سېمىيونوف بىر قېتىملىق شەخسىي زىياپەتتە ئامېرىكا تەرەپنىڭ ۋەكىلى سىمىتقا توساتتىن، بۇنىڭدىن ئالتە ھەپتە ئىلگىرى دوبرىنىن مەخپىي يولدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى، يەنى، ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى پايتەختكىلا ئورۇنلاشتۇرۇش، ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدىكى كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللار بازىسى قۇرۇلۇشىنى توختىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ ماي سېمىيونوف يەنە، بۇ يىل ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈپ، سۆھبەت «مەلۇم باسقۇچ»قا كەلگەندە ھۇجۇم خاراكتېرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى قۇرۇلۇشىنى توختىتىشنى ئورۇنلاشتۇرساق، دەپ تەكلىپ بەردى. سىمىتنىڭ مەخپىي يولدا قىلىشقان سودىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغاچقا، قارىماققا زور ئىلگىرىلەشتەك كۆرۈنگەن بۇ تەكلىپتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دۆلەتتىن بۇ تەكلىپنى تەستىقلاشنى ھەدەپ سورۇشتۇردى. بۇ قېتىم كىسسىنگېر ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ سىمىتقا، بىز مەخپىي يول ئارقىلىق ئۇنىڭدىنمۇ پايدىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولغان، سىز ئېرىشكەن نەرسىلەر پەقەت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن «كونا مال» دېيەلمەيتتى. كىسسىنگېر نائىلاج سىمىتنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

بۇ چاغدا كىسسىنگېر غەزەپلىنىپ دوبرىنىنغا بارلىق پىكرى ۋە شەرتىنى قويۇش قارارىغا كەلدى. 11 ـ ماي كىسسىنگېر دوبرىنىن بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى

يۈزلىمىلىك ۋاسىتىسىنى ئەيىبلىدى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇسۇلى مەخپىي يولنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە زۇڭتۇڭ قارشى تەرەپ مىنىڭ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، دەپ قاراپ، بۇنىڭغا ئىنتايىن خاپا بولدى، دېدى. كىسسىنگېر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆزىنىڭ 26 ـ ئاپرېلدىكى تەكلىپىگە 48 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنداق قىلمايدىكەن، بارلىق مەسىلىلەرنى ئوچۇق سۆھبەتتە ھەل قىلىشقا تاپشۇرىدىغانلىقىنى مەخپىي يولنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى، دوبرىنىن جاۋاب بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى پەقەت پايتەختتىلا ئورۇنلاشتۇرۇش قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالمىدى. 15 ـ ماي ئىككى تەرەپ ئېلان قىلىدىغان ئاخباراتنىڭ تېكىستى توغرىسىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلدى.

بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن نىكسون بىلەن كىسسىنگېرنىڭ يەنە بېشى قاتتى. چۈنكى، ئۇلار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى روگېرس بىلەن رەسمىي سۆھبەتنىڭ باش ۋەكىلى سىمىتقا، سۆھبەت ئۇلاردىن يوشۇرۇن ھالدا بىرنەچچە ئاي داۋام قىلىنغانلىقىنى، ھازىر ئاخبارات ئېلان قىلىپ سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى جاكارلىنىدىغانلىقىنى ئېيتمىسا بولمايتتى. روگېرس بىلەن سىمىت قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خېلى ئوبدان تۇتۇۋالدى.

1971 ـ يىلى 20 ـ ماي چۈشتە نىكسون ئاقسارايدىكى مۇخبىرلار ئۆمىكىگە شۇ يىلى تۇنجى قېتىم زىلزىلە قوزغىغان ئاخباراتنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتىدە ھاسىل قىلىنغان بىرىنچى ئاخباراتنى ئوقۇپ ئۆتتى:

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ

ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى سۆھبەت جەريانىنى ئەسلەپ، بۇ يىل كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى چەكلەش كېلىشىمىنى تۈزۈپ چىقىشقا بىردەك قوشۇلدى. ئۇلار يەنە ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدىكى كېلىشىمنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىللە ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش بويىچە بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى.

ئەمما، بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە بىر ئىش ئوڭۇشلۇق باشقا ئېلىپ چىقىلمىدى. ئاخبارات ئەمدى ئېلان قىلىنىشىغا، بەزىلەر كىسسىنگېرگە سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئاگېنتلىقى ئوخشىمىغان نۇسخىدا ئاخبارات ئېلانى قىپتۇ، ئۇنىڭدا ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى مۇزاكىرە ترايېكتورىيىگە قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توغرىسىدىكى كېلىشىم بىلەن «بىرلىكتە» ئەمەس، ئۇنىڭدىن «كېيىن» ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىپتۇ، دېدى. كىسسىنگېر دوبرىنىننى ئىزدەپ بۇنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، دوبرىنىن تا س س ئاگېنتلىقى رۇسچە نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. كىسسىنگېر ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاخبارات ساھەسىگە بۇ قېتىمقى ئاخباراتقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرىمەن، مەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، دېيىشىم ياكى بۇ ئاخبارات ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتىكى زور تەدبىر دېيىشىم كېرەك، ئۆزىڭىز بىرىنى تاللاڭ، دېدى. دوبرىنىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىر ئاقىلانە چارىنى ئويلاپ تاپتى، ئاخباراتنىڭ توغرا ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئىش قەغىزىگە بېسىپ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە بېرىدىغان بولدى،

مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ گۇمانىنى تۇگەتكىلى بولاتتى. ئاقسارايىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىش قەغىزىنى ئىشلىتىپ ئاخبارات ئېلان قىلىشى ئېھتىمال مۇشۇ بىر قېتىملا بولسا كېرەك.

ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتىدە، زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بېرلىن سۆھبىتىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى يولىدىكى توسالغۇ سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

10 ـ ئاۋغۇست سوۋېت ئىتتىپاقى نىكسوننى موسكۋانى زىيارەت قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى. 29 ـ سېنتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى گرومىكو ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىپ، موسكۋا ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئامېرىكا تەرەپ بىلەن كېڭەشتى. 12 ـ ئۆكتەبىر نىكسون 1972 ـ يىلى مايدا موسكۋادا ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1972 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل كىسسىنگېر موسكۋانى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، نىكسوننىڭ زىيارىتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە، كىسسىنگېر سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى لېئونىد برېژنېۋ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. برېژنېۋ ئىنتايىن قىزغىن كۆرۈنەتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا مۇشتۇمى بىلەن كىسسىنگېرنى نوقۇپ قويۇاتتى. كىسسىنگېر ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچە قىزغىن قارشى ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. برېژنېۋ چاقچاق قىلىپ كىسسىنگېرنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ قىزغىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىسسىنگېر دەرھال، بۇ گېپىڭىز بىر خىل تەھدىتمۇ ياكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىستىقبالدىن دېرەك بېرەمدۇ، دەپ سورىدى. برېژنېۋ، سوۋېت

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى قانداقتۇر تەھدىتكە ئىشەنمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. كىسسىنگېر بۇ سۆزنىڭ يېگى ھەم قارشى ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ قېتىمقى مەخپىي زىيارەتتە ئىستراتېگىيىلىك قورااللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ بىرنەچچە ماددىسى ۋە ئورتاق پرىنسىپال خىتابنامە توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، نىكسوننىڭ زىيارىتىگە ئاساس سېلىندى. 1972 ـ يىلى 20 ـ ماي نىكسون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا ماڭدى. ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى باشلىنىدىغان بولدى.

22 ـ ماي موسكۋادا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. نىكسون ئولتۇرغان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلانى ۋنۇكوۋو ئايرودرومىغا قونغاندا، توساتتىن يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپ، پارقىراپ كۈن چىقىپ، بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن ياخشى بېشارەت بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى نىكولا پودگورنىي ۋە زۇڭلى ئالېكسېي كوسىگىن ئايرودرومغا چىقىپ نىكسوننى قارشى ئالدى، ئەمما برېژنېفنىڭ چىقمىغانلىقى دىققىتىنى قوزغايتتى. نىكسون زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ پودگورنىي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئارقىدىن نىكسون، پودگورنىي ۋە كوسىگىن بىر قارا پىكاپقا چىقىپ، قارشى ئېلىشقا چىققان ئادەملەر بىلەن تولغان لېنىن كوچىسىدىن ئۆتۈپ كرېمل سارىيىغا كىرىپ كەتتى.

نىكسون برېژنېف بىلەن تېزلا كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى نىكسون مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، خروششېف بىلەن مەشھۇر «ئاشخانا مۇنازىرىسى» قىلغاندا برېژنېفنى كۆرگەن، لېكىن ھەر ئىككىسى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە .ئۆز دۆلىتىنىڭ باشلىقى

سالاھىيىتى بىلەن قايتىدىن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئۇيلاپ باقمىغانىدى.

قىسقا سۆھبەتتىن كېيىن، برېژنېۋ گېرنوۋىت زالىدا زىياپەت بېرىپ نىكسوننى قارشى ئالدى. بۇ، 15 ــ ئەسىردە ياسالغان چىرايلىق زال بولۇپ، تامغا ئىيسا ۋە ئۇنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق»قا ئولتۇرغان چوڭ ھەجىملىك رەسىمى ئېسىلغانىدى. برېژنېۋ، بۇ ئەينى زاماندىكى سىياسىي بيۇرو، دېدى. نىكسون قىزىقچىلىق قىلىپ، ئۇنداق بولسا باش شۇجىنىڭ پاپا بىلەن چوقۇم نۇرغۇن ئوخشاش يەرلىرى بار ئىكەن ــ دە، دېدى. برېژنېۋ قاقاقلاپ كۈلدى.

گەرچە كەيپىيات دوستانە، ئەركىن ــ ئازادە بولغىنى بىلەن، رەسمىي سۆھبەتكە كىرگەندە، ئىككى تەرەپ يەنە جىددىي تۇسكە كىردى. 23 ــ ماي كەچتە نىكسون بىلەن كىسسىنگېر برېژنېۋ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ئالېكساندروف بىلەن ئىستراتېگىيىلىك قورالLARنى چەكلەش كېلىشىمىنىڭ قول تۇتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە ماددىلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. جاپالىق سودىلىشىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلدى، لېكىن ئەڭ مۇھىم بولغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن قورالLاندۇرۇلغان سۇ ئاستى كېمىسى ۋە قويۇپ بېرىش جازىسىنىڭ سانى مەسىلىسىدە ھەر ئىككى تەرەپتە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

24 ــ ماي چارشەنبە كەچتە كىسسىنگېر بىلەن گرومىكو ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىشنى باشلىدى. ئىككىيلەن تۆت سائەت سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئىختىلاپنى تېخىمۇ ئازايتتى. لېكىن، سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ «ياسىلىۋاتقانلىقى»دىن ئىبارەت بۇ كونكرېت مەنىنى قانداق بېكىتىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ يەنە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. سۆھبەت پەيشەنبە كەچكە كېچىكتۈرۈلدى.

پەيشەنبە كەچتە كىسسىنگېر بالىبت ئۇسلۇلى «ئاق قۇ

كۆلى»نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا قايتىپ كېلىپ گرومىكو بىلەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. ئىككى تەرەپ ئەڭ ئاخىرىدا سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندا «ياسىلىۋاتىدۇ» دېگەن دائىرىگە كىرىدىغانلىقىنى بېكىتتى. ئەمما، شۇ چاغقىچە ھەر ئىككى تەرەپ سان مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمىگەنىدى. باشقا بېكىتكەن كۆنتەرتىپ بويىچە، جۇمە كۈنى ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش كېلىشىمىنى ئىمزالاش لازىم ئىدى. بولمىسا ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇشۇنداق بېسىم ئاستىدا، كىسسىنگېر نىكسونغا تەستىقلىتىۋالغان مۇرەسسەلىشىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن سان جەھەتتە ئوخشاش بولۇش مەيدانىدىن ۋاز كەچتى. بۇ لايىھەدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن قوراللاندۇرۇلغان سۇ ئاستى كېمىسىدىن 62 سى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش جازىسىدىن 950 ى بولۇش، ئامېرىكىنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىدىن 44 ى، قويۇپ بېرىش جازىسىدىن 710ى بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

جۇمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، برېژنېف سىياسىي بيۇرونىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئامېرىكا تەرەپنىڭ يېڭى لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ تېزلا ماقۇللاندى. سائەت 11 دە، كىسسىنگېر بىلەن نىكسون ئۆزلىرى چۈشكەن جايدا يىغىن ئېچىپ، ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش ھەققىدىكى سۆھبەتنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوخشىمىسىزلىقىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، گرومىكو تېلېفون بېرىپ كىسسىنگېر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

سائەت 11 يېرىمدا سۆھبەت باشلاندى. گرومىكو، سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى لايىھىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى، لېكىن بەزى

ئىنچىكە ئىشلارغا بىرئاز تۈزىتىش كىرگۈزەيلى، دېدى. چۈشتە كىسسىنگېر ئاقسارايىنىڭ ئاخبارات كاتىپى زىيېگلېرغا ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش كېلىشىمى ھاسىل بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە، كىسسىنگېر بىلەن گرومىكو ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىدىن يولىيورۇق سوراپ، كېلىشىم مەزمۇنىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى سۆھبەت ماھىرى قول تۇتۇشتى. ئىككى يېرىم يىل داۋام قىلىنغان ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى ۋاقىت يار بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

ۋاقىت جىددىي بولغاچقا، كىسسىنگېر بىلەن گرومىكو بىرلىكتە خېلسىنكىدا ئىستراتېگىيىلىك قورالىلارنى چەكلەش سۆھبىتىگە قاتنىشىۋاتقان ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە يولىيورۇق بەردى. چۈشتىن كېيىن، ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بىردەك ھەمكارلىشىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 6 تە بولغاندا كېلىشىم لايىھىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى. سائەت 9 دا، باش سۆھبەت ۋەكىلى سىمىت بىلەن سېمىيونوف كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا يېتىپ كەلدى.

سائەت 11 دىن 7 مىنۇت ئۆتكەندە، نىكسون بىلەن برېژنېف ئامېرىكا بىلەن سوۋېتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ كرېمل سارىيىنىڭ ۋلادىمىر زالىغا كىرىپ كەلدى. يەر شارىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى تەنتەنىلىك كەيپىياتتا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يادرو كۈچىنى قىسقارتىش ھەققىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن يادرو ئۇرۇشىنىڭ ۋەھىمىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر تىنچلىق تاڭ نۇرىنى كۆردى.

29 ـ ماي دۈشەنبە كەچتە نىكسون بىلەن برېژنېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى 12 ماددىلىق ئاساسىي پرىنسىپقا ئىمزا قويدى. بۇ، كىسسىنگېر ئېيتقان 20 نەچچە يىللىق «ناھايىتى ئېغىر دۈشمەنلىشىش» دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، «ئۆزىنى تۇتۇۋالغان»، «ئىجادىي يېڭى ئەسىرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، برېژنېۋ كرېمل سارىيىنىڭ مۇقەددەس گېئورگىي زالىدا كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئىككى رەھبەرنىڭ گۈلقەدەھلىرى ئېچىلدى، برېژنېۋ يېڭىدىن ئۆگىنىۋالغان ئامېرىكىچە «OK» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، نىكسون بولسا رۇسچە «خاروشوۋ» («ياخشى» دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى توختىماي ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، پۈتكۈل زىيارەت جەريانى بويىچە ئەڭ كۈلكىلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، نىكسون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئايروپىلانى بىلەن كىيېفقا بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا قايتماقچىدى. ئايرودرومدا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، نىكسون ئايروپىلانغا چىقتى. بىراق، ماتور بۇزۇلغاچقا، ئايروپىلان خېلى ئۇزاققىچە ئوت ئالمىدى. كوسىگىن، پودگورنىي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئاچچىقلىنىپ بىر چەتتە تۇراتتى. ئاخىرىدا كوسىگىن ئايروپىلانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ئېيتىڭلار، بىز ئاۋىئاتسىيە مىنىستىرىمىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەگەر سىلەر ئۇنى مۇشۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاش كېرەك دېسەڭلار، بىز رازى» دېدى. كىسسىنگېر ئۇنى قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ: «ئوبيېكتىپ شەيئىلەر كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىدۇ، قولىڭىزدىن بىر تال تەڭگە

يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ھەرگىز ئالدىڭىزغا دومىلاپ كەلمەي، چوقۇم يىراققا دومىلاپ كېتىدۇ» دېدى. لېكىن، كوسىگىن بۇنداق تەسەللىنى قوبۇل قىلماي، كىسسىنگېرغا ھومىيىپ قويۇپ: «مەن ئۇچراتقان ئەھۋاللار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، مېنىڭ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەن تەڭگە ھەمىشە ئالدىمغا دومىلاپ كېلىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب پارىژدىكى سىر

1970 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال «بوئىن ــ 707» ناملىق زوڭتوڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى ئاندرېۋس ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن ئۇچتى. ئايروپىلاندا گېنېرال كىرشمان ئاتلىق بىر سىرلىق مېھمان ئولتۇراتتى.

ئايروپىلان فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شەھەر بوۋرگېس ئەتراپىدىكى بىر فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسى بازىسىدىكى ئاۋورد ئايرودرومىغا قوندى. گېنېرال كىرشمان ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئايروپىلاندىن ئالدىراپ چۈشتى. ئارىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئايروپىلان جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن نىشانى ــ غەربىي گېرمانىيىنىڭ فرانكفۇرد شەھىرىدىكى رېيىن ــ مايىن ئايرودرومىغا قاراپ ئۇچتى. بۇ سىرلىق گېنېرال كىرشمان فرانسىيىنىڭ زوڭتوڭى پومپىدونىڭ «سىرلىق ــ 20» تېپلىق مەخسۇس ئايروپىلانىغا ئالمىشىپ پارىژنىڭ ئەتراپىدىكى بىر شەخسىي ئايرودرومىغا قاراپ يول ئالدى.

ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال ۋولتېرس ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ھەمدە شەخسەن ئۆزى «شوتلون» ماركىلىق پىكاپى بىلەن ئۇلارنى پارىژدىكى سارىيىغا ئەكەلدى. ئەتىسى يەنە ئۇلارنى پارىژ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر شەخسىي ئۆيگە ئاپاردى، ئۇ يەردە شۇ زاماندىكى دىپلوماتىيە تارىخىدا ئەڭ مۇشكۈل ھەم ئەڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە سۆھبەت رەسمىي باشلاندى.

بۇ سىرلىق گېنېرال كىرشمان خېنرى كىسسىنگېر بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىمقى سىرلىق سۆھبەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، يەنى ۋيېتنام ئۇرۇشىنى

ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانىدى.

ئەگەر ھازىرقى زامان تارىخىدا بىر سۆز ھەربىر ئامېرىكىلىقنىڭ ئازابلانغان، گاڭگىرىغان، ھەتتا قاتتىق ئۆمىدسىزلەنگەن كەيپىياتىنى قوزغايدۇ ھەمدە ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ پارچىلانغانلىقى ۋە خارابلاشقانلىقىنىڭ سىمۋولى بولىدۇ، دېيىلسە، ئۇ چوقۇم «ۋيېتنام» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

ئامېرىكا ۋيېتنام ئۇرۇشىغا دەسلەپتە ئېيزىنخاۋېر دەۋرىدە قاتناشقانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋيېتنام خەلقى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە رەئىس خۇ جىمىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلدى. 1954 ـ يىلى دىن بىيەن پۇدا غەلىبە قىلىپ فرانسىيىگە قارشى كۆرەشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى ئىيۇلدا ھىندىچىنى تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەنۋە كېلىشىمى رەسمىي ئىمزالاندى. ئەمما، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋيېتنام خەلقىنىڭ غەلىبىسى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەللەرنى كوممۇنىزم قاپلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى ۋۇتىڭيەن قورچاق ھۆكۈمىتىنى بارلىق كۈچى بىلەن يۆلىدى. ئامېرىكا فرانسىيىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېڭى تاجاۋۇزچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېيزىنخاۋېر بىر تەرەپتىن جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتىگە زور مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ۋيېتنام قوشۇنلىرىنى مەشىق قىلدۇردى، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھەرقايسى تەبىقىدىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى غالجىرلارچە باستۇردى. ۋيېتنام خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەڭ كۆلەمدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن شىمالىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ بىۋاستە ياردىمىگە ئېرىشتى. 1960 ـ يىلى جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق سېپى قۇرۇلدى. كەڭ

كۆلەملىك پارتىزانلىق ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى لىڭشىپ قالدى.

كېننېدى زۇڭتۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋيېتنامنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چەكلىك قاتنىشىش شەكلىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي ۋيېتنامغا بېرىلىدىغان ھەربىي ياردەمنى زور مىقداردا كۆپەيتتى ھەمدە ھەربىي ياردەم ۋە مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ھەربىي ياردەم قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزگەرتتى، ھەربىي مەسلىھەتچىسى 9000 غا يەتتى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىشىشىنى توسالمىدى. ئامېرىكا چىرىك ۋۇتىڭيەن ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقاندىن كېيىن، 1963 - يىلى جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلارنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ۋۇ تىڭيەننى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىيلەر ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى قوللىدى.

1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جەنۇبىي ۋيېتنام ۋەتەنپەرۋەر قوراللىق كۈچلىرى جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ 70 پىرسەنت زېمىنىنى ئىزگىلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئامېرىكا دائىرىلىرى داۋاملىق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئاخىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا چېتىلىپ قالدى.

1964 - يىلى 4 - ئاۋغۇست ئامېرىكا، بىر قوغلىغۇچى پاراخوتىمىزغا شىمالىي ۋيېتنامنىڭ پاراخوتلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، دەپ باھانە كۆرسىتىپ، شىمالىي ۋيېتنامنىڭ تورپېدالىق قېيىق بازىسىنى بومباردىمان قىلدى. 7 - ئاۋغۇست پارلامېنت توكيو قولتۇقى قارارىنى ماقۇللاپ، زۇڭتۇڭغا قوراللىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش ھوقۇقىنى بەردى. 1965 - يىلى فېۋرالدا جەنۇبىي ۋيېتنام ۋەتەنپەرۋەر قوراللىق كۈچلىرى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ بازىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. جونسون زۇڭتۇڭ شىمالىي ۋيېتنامنى داۋاملىق بومباردىمان قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ يەر ئۈستىدە جەڭ قىلغۇچى قوشۇنلىرىمۇ رەسمىي جەڭگە قاتناشتى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنام ئۇرۇشىغا بىۋاستە چېتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1967 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 500 مىڭ كىشىگە يەتتى، ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانلىرى شىمالىي ۋيېتنامنىڭ سانائەت بازىلىرى ۋە ترانسپورت لىنىيىسىنى ئۈزلۈكسىز قاتتىق بومباردىمان قىلدى. لېكىن، باتۇر ۋيېتنام خەلقى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا، «خۇ جىمىڭ چىغىر يولى» دەپ ئاتىلىدىغان ئورمانلىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن جەنۇبىي ۋيېتنام پارتىزان ئەترەتلىرىگە زور مىقداردا ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. 1967 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش بىلەن غەلىبە قىلىش ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلاندى.

ۋيېتنام ئۇرۇشى كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈردى. ئاخبارات ساھەسى ھۆكۈمەتكە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، جونسون ئامىمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.

1968 ـ يىلى نويابىردا جونسون شىمالىي ۋيېتنامنى بومباردىمان قىلىشنى توختىتىشنى جاكارلىغىنىغا ئىككى ھەپتە بولغاندا، ئامېرىكا، جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى، شىمالىي ۋيېتنام ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق سېپىنىڭ ۋەكىللىرى پارىژدا رەسمىي سۆھبەتنى باشلىدى. سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى، پەقەت سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ شەكلى مەسىلىسىدە ئىككى ئاي تالاش ـ تارتىش

بولدى. شىمالىي ۋيېتنام ۋەكىلى تۆت چاسا ئۇسىتەل ئىشلىتىلسە، تۆت تەرەپ ۋەكىللىرىدىن ھەربىر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىر تەرەپنى ئىگىلىسە، دېگەن تەكلىپنى بەردى. ئەمما، جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى مىللىي ئازادلىق سېپىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشنى رەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشتۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇمىلاق ئۈستەل ئىشلىتىشنى، ئىسىم تاختىسى، بايراق ۋە باشقا بەلگىلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى ئېيتتى. بۇنداقتا ھەرقايسى تەرەپ ئۆز ئالدىغا چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

سوۋېت جەريانىدا شىمالىي ۋيېتنام ئامېرىكىنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى شەرتسىز چېكىندۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىشىنى ھەمدە سايگون ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋە يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا يالغۇز ئۆزلىرى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى ۋە سايگون ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى رەت قىلدى. سۆھبەتتە خېلى ئۇزاققىچە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

نىكسون ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، سايلام رىقابىتىدە ۋيېتنام ئۇرۇشىنى تېزدىن ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدەندى. نىكسون ئىككى تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى، جەڭ مەيدانىدا شىمالىي ۋيېتنامغا ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام پارتىزانلار ئەترىتىگە بولغان ھەربىي بېسىمنى كۈچەيتتى، ئايروپىلان ئەۋەتىپ شىمالىي ۋيېتنام قوشۇنلىرىنىڭ كامبودژا چېگراسىدىكى پاناھ جايلىرىنى بومباردىمان قىلدى، شۇنداقلا جەنۇبىي ۋيېتنام قوشۇنلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇرۇشنى «ۋيېتناملاشتۇرۇش» تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ئامېرىكا



www.uyghurkitap.com

قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشىغا قۇلايلىق شارائىت ھازىرلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كىسسىنگېرنى ۋيېتنام بىلەن يەنە بىر خىل يول ئارقىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە پارىژغا مەخپىي ئەۋەتتى. كىسسىنگېر مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا پارىژغا كەلگەنىدى.

شۇ چاغدا كىسسىنگېر مۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى: ئامېرىكا ۋيېتنام ئۇرۇشى پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر شارى ھۇجۇمىغا قارىتا ئارمىنى بار دەرمىنى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئامېرىكىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەممەيلەن ۋيېتنام ئۇرۇشىغا قارىتا ئىشەنچىنى، ھەتتا سەۋرچانلىقىنى يوقاتقان، ھەممە ئادەم ئۇرۇشتىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدىكى مەغلۇبىيىتى مۇقەررەرلىشىپ قالغانىدى. كىسسىنگېرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئىمكانقەدەر «ئىززەت ـ ئابرۇيى» بىلەن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش چارىسىنى ئىزدەش، دېمەك مەغلۇبىيەتكە ئانچە ـ مۇنچە رەڭ بېرىپ، ئۇنى ئانچە بەك سەت كۆرسەتمەسلىك ئىدى.

پارىژ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھېلىقى كىچىك ئۆيدە شىمالىي ۋيېتنام سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى چۇن شۇي كىسسىنگېرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياتاققا باشلاپ كىردى. كىسسىنگېر ئۇ يەردە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىمالىي ۋيېتنامنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئالىي ۋەكىلى، ئالاھىدە مەسلىھەتچى لې دېشۇ بىلەن كۆرۈشتى.

لې دېشۇ چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، سالاپەتلىك، تەمكىن، روھلۇق ئادەم ئىدى. ئىككىسى سوغۇققىنا سالاملاشتى. ئاندىن كىسسىنگېر ئاۋۋال سۆز قىلىپ، شىمالىي ۋيېتنامنىڭ كۈچى

www.uyghurkitap.com

ئاجىزلاۋاتىدۇ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ۋيېتنامنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ھېچقايسى تەرەپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئېرىشەلمەيدۇ، دېدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال ... ھازىر ۋيېتنامنى قوللايدىغان دۆلەتلەر ئەمدى بىردەك قوللاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن (ئۇ، بۇ سۆزىدە جۇڭگو ـ سوۋېت توقۇنۇشىنى دارىتمىلىماقتا ئىدى). كىسسىنگېر، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە بولىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالىي ۋيېتنام ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبتىكى بارلىق ھەربىي خادىملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشى شەرت، دېگەن تەكلىپنى بەردى.

چۈشتىن كېيىن، لى دېشۇ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە كىسسىنگېرنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەھلىلىگە تەمكىنلىك بىلەن رەددىيە بەردى. ئۇ نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈپ، ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «ۋيېتناملاشتۇرۇش» تەدبىرىنىڭ ساختىلىقىنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئىلگىرى سىلەرنىڭ 1 مىليون كىشىلىكتىن كۆپ ئامېرىكا قوشۇنى ۋە قورچاق قوشۇنۇڭلار تۇرۇقلۇق مەغلۇپ بولدۇڭلار. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى قورچاق قوشۇنۇڭلار يالغۇز جەڭ قىلىپ قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟ ھازىر ئامېرىكا پەقەت ياردەملا بېرەلەيدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ يېڭەلىسۇن؟

كىسسىنگېر قىلغىلى گەپ تاپالمىدى. لى دېشۇ مۇنداق يەكۈن چىقاردى:

— ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى شەرتسىز چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشى ھەمدە سايگون ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى رۇەن ۋېنشاۋ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى رۇەن گاۋچى ۋە زۇڭلىسى چېن شەنچيەنلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىشى كېرەك، تىنچلىقنى

مۇستەقىللىق ۋە بىتەرەپلىكنى ياقلايدىغان زاتلاردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى كېرەك.
لى دېشۇ ئامېرىكا مەيدانىنى ئۆزگەرتمىسە، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇردى.
21 ـ فېۋرالدىن 4 ـ ئاپرېلغىچە كىسسىنگېر بىلەن لى دېشۇ ئۈچ قېتىم سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى.
1970 ـ يىلى مارتتا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتىن قىلچە نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سۆھبەت توختىتىپ تۇرۇلدى.
1970 ـ يىلى مارتتا كامبودژادا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ئامېرىكاپەرەس باش ۋەزىر لون نول ۋە مۇئاۋىن باش ۋەزىر شېرىمادا پادىشاھ سىخانوكنىڭ فرانسىيىگە ساياھەتكە كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، شاھزادە سىخانوكنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. سىخانوك بېيجىڭغا كېلىپ پاناھلىنىپ، كامبودژا خەلقىنى قوزغىلىپ لان نول ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى. لان نول ھاكىمىيىتىنى قوللاش ھەمدە شىمالىي ۋېيتنامنىڭ كامبودژادىكى تەمىنات بازىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن، 28 ـ ئاپرېل نىكسون ئامېرىكا قوشۇنلىرى ۋە جەنۇبىي ۋېيتنام قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىمالىي ۋېيتنامنىڭ كامبودژادىكى بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى گەرچە شىمالىي ۋېيتنامنىڭ تەمىنات بازىلىرى ۋە تەمىنات لىنىيىلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان لان نول ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر يۈكىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا

قوشۇنلىرىنىڭ كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى مەملىكەت ئىچىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچلۈك نارازىلىق دولقۇنىنى قوزغىدى. 200 ئەتراپىدىكى شەھەر ـ بازاردا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نامايىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، بىنالارنى كۆيدۈرۈۋېتىش قاتارلىق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى.

4 ـ ماي ئوخئيو شتاتىدىكى شتات باشقۇرىدىغان كېنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىسى ئامېرىكا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

9 ـ ماي 100 مىڭ ئامما ئاقساراينىڭ جەنۇبىدىكى ئېرىبوس باغچىسىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلدى، ساقچىلار نائىلاج 60 ئاپتوبۇس بىلەن ئاقساراينى مەھكەم ئورىۋالدى. 9 ـ مايدىن كېيىن يەنە نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى پايتەختكە كېلىپ ئۇرۇشنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىقىنى ئەيىبلىدى. 1000 دىن كۆپ ئادۋوكات، ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى، دوختۇر قاتارلىق جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق ئەربابلار ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بايانات ئېلان قىلدى، زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، پۈتكۈل جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى. پارلامېنتتا كېڭەش پالاتاسى ئامېرىكىنىڭ 30 ـ ئىيۇندىن كېيىن كامبودژادا داۋاملىق ھەربىي ھەرىكەت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ھۆكۈمەت ئورگىنىمۇ پارچىلىنىشقا باشلىدى، 50 دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىمى باياناتى ئېلان قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇردى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ۋالتېر شېبېك ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ياللانما خىزمەتچىلىرى ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ بىر كورپۇس خىزمەت

بىناسىنى ئىگىلىۋېلىپ، بىنانىڭ ئۈستىگە شىمالىي ۋيېتنامنىڭ بايرىقىنى ئاستى.

بۇ بوران ئالدىدا نىكسوننىڭ قاتتىق بېشى قاتتى. كىسسىنگېر بولسا تەرەپ ـ تەرەپتە ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بارغانلا يېرىدە دەككىسىنى يېدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ، ۋيېتنام ئۇرۇشىنىڭ جاراھىتىنى پەقەت ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئاخىرىدا، نىكسون ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى 30 ـ ئىيۇندىن ئىلگىرى كامبودژادىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ چەكلىك مۇددەتتە ۋيېتنامدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان سادالار يەنە ئەۋجىگە چىققانىدى.

1969 ـ يىلى ئىيۇندىلا نىكسون جەنۇبىي ۋيېتنامدىن 25 مىڭ كىشىلىك ئامېرىكا قوشۇنىنى تۇنجى قېتىم چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى «ئومۇميۈزلۈك تىنچلىق پىلانى»نىڭ بىر قىسمى قىلغانىدى. 1970 ـ يىلى 4 ـ ئاپرېلغا كەلگەندە 115 مىڭ ئەسكىرىنى ئاچقىپ كەتتى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋيېتناملاشتۇرۇش پىلانىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ ئەسكەرلىرى 850 مىڭدىن 1 مىليونغا كۆپەيدى ھەمدە زور مىقداردىكى ئەڭ ئىلغار بولغان ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى، پاراخوتلىرى، تانكىلىرى ۋە توپ ـ زەمبىرەك، مىلتىق ـ ئاپتوماتلىرى شۇنداقلا ئوق ـ دورىلىرىغا ئېرىشتى. 1971 ـ يىلى نىكسون مەملىكەت ئىچىدە بېسىمغا ئۇچراپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ھەربىي دائىرىلەردىن يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى 100 مىڭ ئەسكەرنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە، ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ سانى 175 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، ۋېيتناملاشتۇرغاندىن كېيىنمۇ جەنۇبىي ۋېيتنام ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنلىرى ئامېرىكا قوشۇنلىرىدىن قالغان بوشلۇقنى تولدۇرالمىدى. نىكسون شىمالىي ۋېيتنامنى بومباردىمان قىلىشنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە خانوي ـ خەيفوڭ رايونلىرىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ۋېيتنام پۇقرالىرىنى ئۆلتۈردى.

1971 ـ يىلى فېۋرال شىمالىي ۋېيتنامنىڭ تەمىنات لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، نىكسون ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا جەنۇبىي ۋېيتنام قوشۇنلىرىنىڭ لائوسقا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ھاۋادىكى كۈچلەر بىلەن ياردەم بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «خۇ جىمىڭ چىغىر يولى»نى بىراقلا ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. ئەمما، چېرىكلەشكەن جەنۇبىي ۋېيتنام قوشۇنلىرى تېزلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 15 ـ مارت شىمالىي ۋېيتنام قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى بىلەن جەنۇبىي ۋېيتنام قوشۇنلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە بىتچىت بولدى. ئەمەلىيەت نىكسوننىڭ ۋېيتناملاشتۇرۇش تەدبىرىنىڭ پەقەت ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

نىكسون ھۆكۈمىتى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولۇپ، سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا قايتىدىن كېلىشكە مەجبۇر بولدى. 1971 ـ يىلى مايدا كىسسىنگېر يەنە پارىژغا بېرىپ ۋېيتنام سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى چۈن شۈي بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى. سۆھبەت جەريانىدا، كىسسىنگېر يەتتە تۈرلۈك تىنچلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئامېرىكا قوشۇنلىرى كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن ئالتە ئاي ئىچىدە چېكىنىپ چىقىپ كېتىش، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى ئۆز جايىدا توختىتىش، بارلىق ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش، لائوس ۋە كامبودژانىڭ مۇستەقىللىقى، بىتەرەپلىكى ۋە زېمىن

پۇتۇنلۇككە كاپالەتلىك قىلىش، جەنۇبىي ۋېيتنام خەلقىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى ئۇلار ئۆزلىرى ھەل قىلىش. بۇنىڭدا ئامېرىكا ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ئەسكەر چېكىندۈرۈش تەلىپىدىن تۇنجى قېتىم ۋاز كەچتى ھەمدە ئەسكەر چېكىندۈرۈشنىڭ كونكرېت ۋاقىت چەكلىمىسىنى بەلگىلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئامېرىكىنىڭ ۋېيتنامدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ يەتتە تۈرلۈك تەكلىپ پارىژ سۆھبىتىنىڭ مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ۋېيتنام كىسسىنگېرنىڭ تەكلىپىگە تېز ئىنكاس قايتۇردى. 26 ـ ئىيۇن ئالاھىدە مەسلىھەتچى لى دېشۇ پارىژغا قايتىپ كېلىپ، كىسسىنگېر بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە كەيپىيات ئىلگىرىكىدىن دوستانىرەك بولدى. سۆھبەت ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا، لى دېشۇ كىسسىنگېرنى باغچىغا كىرىپ سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كىسسىنگېر چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ لى دېشۇنى ئۆزۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ماركسىزم ـ لېنىنىزم لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لى دېشۇ ئەپچىللىك بىلەن، مېنىڭ كۆزقارىشىم كاپىتالىستىك دۆلەتكە قارىتا كۈچلۈك دورا بولۇپ قالار، دەپ جاۋاب بەردى.

ۋېيتنامنىڭمۇ سۆھبەتتە بىر ئاز يول قويدى. ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى ھەمدە سايگون ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلىپىدە ئەمدى چىڭ تۇرىۋالمىدى، پەقەت ئامېرىكىدىن ئۇلارنى قوللاشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانى خېلى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، كىسسىنگېر سايگون ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشتىن ۋاز كېچەلمەيمىز، دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا كۆپ قېتىم كېڭەشكەندىن كېيىن، سۆھبەت يەنە بىر قېتىم قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

1972 ـ يىلى ئاتىيازدا شىمالىي ۋيېتنام كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى، شىمالىي ۋيېتنام قوشۇنلىرى خېلى كەڭ زېمىننى ئازاد قىلدى. ئۇلار سايگونغا 60 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرگىچە ھۇجۇم قىلىپ باردى. جەنۇبىي ۋيېتنام قوشۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قوشۇنلىرىنىڭ سانى 95 مىڭغا چۈشۈپ قالغانىدى. نىكسون مەملىكەت ئىچىدىكى بېسىمدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەسكەر كۆپەيتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇڭا، ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا 52 ـ B تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ خانوي ـ خەيفوڭ رايونلىرىغا ھاۋادىن شىددەتلىك زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. 8 ـ ماي نىكسون شىمالىي ۋيېتنامنىڭ پورتلىرىغا مىنا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، شىمالىي ۋيېتنامنى ئومۇميۈزلۈك قامال قىلىش ۋە داۋاملىق بومباردىمان قىلىشنى جاكارلاپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ھەرھالدا ۋاقىتىنچە ئوڭشىۋالدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا بىلەن ۋيېتنام سۆھبەتنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈردى. يازىچە داۋاملاشقان سۆھبەتتە ۋيېتنام يول قويىدىغان بىر قاتار يېڭى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئاچقۇچلۇق بولغان جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ يەنىلا تىركىشىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئامېرىكىدا زوڭتوڭ سايلىمى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نىكسون رەقىبى دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى گېئورگىي ماك گوۋېرندىن خېلى بەك ئالدىنقى ئورۇندا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، شىمالىي ۋيېتنام تېخىمۇ جانلىق تاكتىكا قوللىنىش قارارىغا كەلگەنىدى.

8 ـ ئۆكتەبىر پارىژ شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قورۇدا

ئاچقۇچلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. كىسسىنگېر ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن مەيدانىنى بايان قىلدى، شىمالىي ۋيېتنام ۋەكىللىرى يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

سائەت 4 تە، يىغىن ئۆز ۋاقتىدا داۋاملاشتۇرۇلدى. لى دېشۇ ئاۋۋال پىكىر قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئۇچۇق ئىدى.

ــ ياخشى نىيىتىمىزنى بىلدۈرۈش، ئۇرۇشنى تېز ئاخىرلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ۋيېتنامدا تىنچلىقنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۈگۈن مەن بىر يېڭى ھەم ناھايىتى ئەمەلىي، ناھايىتى ئاددىي بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئۇنىڭ تەكلىپى ئامېرىكا ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش، ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش، ئۇرۇشنى ئۆز جايىدا توختىتىش؛ شىمالىي ۋيېتنام بىلەن جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي، ئىناق ھۆكۈمەت قۇرۇپ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە يېڭىۋاشتىن سايلام ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

كىسسىنگېر شىمالىي ۋيېتنامنىڭ سايگون ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسىي تەلىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، سۆھبەت جەريانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر توسالغۇ ئاخىر سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا خايگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن ئىككى تەرەپ 30 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمىگە رەسمىي ئىمزا قويۇشقا قوشۇلدى.

ئەمما، تىنچلىق يولىدا يەنە بىر قېتىم ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىشقا توغرا كەلدى. كىسسىنگېر كېلىشىم لايىھىسىنى ئېلىپ جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى رۇەن ۋېنشاۋنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا باردى. رۇەن ۋېنشاۋ كېلىشىم ئىمزالاشقا قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى ھەمدە

ئامېرىكىلىقلارنى شىمالىي ۋيېتنام بىلەن «ئورتاق سوۋېتقەست» ئىشلىتىپ، بىزگە ئاسىيلىق قىلدىڭلار، دەپ ئەيىبلىدى. رۇەن ۋېنشاۋ قارشى تۇرغانلىقتىن، كېلىشىم ئىمزالاش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى.

25 ـ ئۆكتەبىر خانوي رادىئو ئىستانسىسى بىر باياناتنى ئاڭلىتىپ، مەخپىي سۆھبەتنىڭ بارلىق تەپسىلاتىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئامېرىكىنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. جامائەتچىلىك ئارىسىدا بىرمەھەل غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. كىسسىنگېر ئەتىسى دەرھال مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، «تىنچلىق كۆز ئالدىمىزدا» دەپ ئېلان قىلدى.

ئەمەلىيەت كىسسىنگېرنىڭ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 7 ـ نويابىر نىكسون زوڭتۇڭ سايلىمىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن رەقىبى ماك گوۋېرننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇدا زوڭتۇڭ بولدى. 27 ـ نويابىر كىسسىنگېر پارىژدا لى دېشو بىلەن سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. لى دېشو ئامېرىكىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى ھەمدە رۇەن ۋېنشاۋنى قوغلىۋېتىشنى قايتىدىن تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا رۇەن ۋېنشاۋنىڭ جاھىللىقىغا نارازى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشنى خالىمايتتى. ئىككى تەرەپ ئەسلىدىكى مەيدانىغا قايتىپ تىركىشىپ قالدى. 13 ـ دېكابىر سۆھبەت بۇزۇلدى.

ئامېرىكا سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن رۇەن ۋېنشاۋغا بېسىم ئىشلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالىي ۋيېتنامغا قارىتا «بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېننى قوللاندى. 18 ـ دېكابىر ئامېرىكا شىمالىي ۋيېتنامنى بومباردىمان قىلىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى، 12 كۈن داۋام قىلغان «مىلاد بايرىمىدىكى چوڭ بومباردىمانچىلىق»تا ئامېرىكا قوشۇنلىرى B ـ 52 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خانوي ـ خەيفوڭ

رايونلىرىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى، بۇ ۋيېتنام ئۇرۇشى پارتلىغاندىن بۇيانقى ئەڭ شىددەتلىك بومباردىمان ئىدى. خانوي بىلەن خەيفوڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، لېكىن ئامېرىكا قوشۇنلىرىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى. ئۇلارنىڭ B-52 تىپلىق 32 دانە بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نارازىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. نىكسوننىڭ ئابرۇيى قاتتىق چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، نائىلاج يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ يانۋار كىسسىنگېر لى دېشۇ بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى.

ئالتە كۈندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كېلىشىم لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆكتەبىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھىدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. 14 ـ يانۋار خايگ نىكسوننىڭ بىر پارچە خېتىنى رۇەن ۋېنشاۋغا ئەكېلىپ بەردى. خەتتە ئەگەر رۇەن ۋېنشاۋ كېلىشىم ئىمزالاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا، ئامېرىكا كېلىشىمگە ئۆزى يالغۇز ئىمزا قويىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. رۇەن ۋېنشاۋ نائىلاج تىز پۈكتى.

23 ـ يانۋار پارىژدا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كىسسىنگېر لى دېشۇ بىلەن مارېي مېھمانخانىسىدا «ۋيېتنامدا ئۇرۇش توختىتىش، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى كېلىشىم»گە دەسلەپكى قەدەمدە ئىمزا قويدى. ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى مېھمانخانىدىن ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان كوچىغا چىقىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قول ئېلىشتى ھەمدە مۇخبىرلارغا بۇ تارىخىي مىنۇتلارنى سۈرەتكە ئالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم بازىرى

# ئالتىنچى باب جوڭگو

1969 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر پولشانىڭ پايتەختى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىر كۆرگەزمىسىدە قىزىقارلىق بىر ۋەقە يۈز بەردى.

ئامېرىكىنىڭ پولشادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋالتېر ستوئېسسېل خۇددى بىرەر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆرگەزمە زالىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. جوڭگونىڭ پولشادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكىلى لېي ياڭ زالغا كىرگەندە، ستوئېسسېل ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. لېي ياڭ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئىشتىن چۆچۈپ بۇرۇلۇپلا نېرىغا كەتتى. لېكىن، ستوئېسسېل ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ ماڭدى. لېي ياڭ نائىلاج ساھىبخانا بىلەن ئالدىراش خوشلىشىپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. ستوئېسسېلمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چۈشتى. ئىككىسى پەلەمپەيدە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشتى. ستوئېسسېل لېي ياڭغا ئامېرىكىنىڭ جوڭگو بىلەن «ئەستايىدىل سۆھبەت»لەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ، كېيىن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان جوڭگو ـ ئامېرىكا مەخپىي دىپلوماتىيىسىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

نىكسون تەختكە چىققان چاغدا، جوڭگو ـ ئامېرىكا 20 يىللىق دۈشمەنلىشىش ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا جوڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىردىنبىر ئالاقە يولى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان باش ئەلچى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ۋارشاۋا سۆھبىتى 1954 ـ يىلى باشلانغاندىن تارتىپ، 1968 ـ يىلىغىچە 134 قېتىم يىغىن ئېچىلدى، بىردىنبىر قولغا كەلتۈرگەن

مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزئارا پۇقرالىرىنى قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەنىدى.

كىسسىنگېر روككېفېللېرنىڭ سايلام رىقابىتىدە مەسلىھەتچى بولۇپ يۈرگەن چېغىدىلا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ كۆرسەتكەنىدى. 1969 ـ يىلى فېۋرالدا نىكسون ياۋروپانى زىيارەت قىلدى، پارىژدا كىسسىنگېر بىلەن بىللە فرانسىيىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دې گول زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. دې گول ئۇلارغا ھازىر جۇڭگونى ئېتىراپ قىلىش كەلگۈسىدە جۇڭگو قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن ئۇنى نائىلاج ئېتىراپ قىلغاندىن ياخشىراق، دېدى. بۇ سۆز ئۇ ئىككىسىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئەمما، ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىشىش ۋە ۋېيتنام ئۇرۇشى سەۋەبىدىن، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە ئىلگىرىلەش ئىنتايىن ئاستا ۋە قىيىن بولدى. نىكسون تەختكە چىققاندىن كېيىن، دەسلەپتە ھەر ئىككى دۆلەت تەشۋىقات جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش پەقەت بىر خىياللا بولۇپ، ئېنىق نىشانى بار ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكەت بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. پەقەت 1969 ـ يىلى مارتتا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدا جېنباۋداۋ ئارىلىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، كىسسىنگېر ئاندىن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئامېرىكىنىڭ يەر شارى سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار جۇڭگوغا قاراپ تاشلىغان قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئىيۇندا كىسسىنگېر جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەققىدە بەرگەن بىر دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسىدە بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ...
بۇ ھال ھېچبولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق بىلەن غەرب
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تېخىمۇ جانلىقراق بولىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ... ئەگەر ئۇلار جۇڭگونى چەكلەش
سىياسىتىدە بىزنى بىتەرەپ تۇرغۇزماقچى بولسا، بىزنى ئاكتىپ
ھەمكارلاشتۇرماقچى بولمىسىلا، ئۇنداقتا ئىشلار بىزگە پايدىلىق
بولۇشى مۇمكىن.»

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى رەسمىي شەكىللەندى. جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىدا مىليونلاپ ئەسكەر تۇرغۇزغاچقا، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئىككى سەپتە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتىم قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە يېقىنلىشىشتىن قايتىپ كېلەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش ئارزۇ بىلەن ئېھتىياتچان بىر قاتار سىناقلارنى باشلىۋەتتى.

21 ـ ئىيۇل گوۋۇيۈەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن سودا قىلىشىدا ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ساياھەت قىلىشىدا قويۇلىدىغان چەكلەرنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

24 ـ ئىيۇل جۇڭگو بىر ھەپتە ئىلگىرى ساياھەت كېمىسى چۆكۈپ كېتىپ جۇڭگونىڭ دېڭىز تەۋەلىكىگە كىرىپ قالغان ئىككى ئامېرىكىلىقنى قويۇپ بەردى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا، نىكسون يەر شارىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. 1 ـ ئاۋغۇست ئۇ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان پاكىستانغا كەلدى. نىكسون لاھوردا پاكىستاننىڭ زۇڭتۇڭى يەھيا خانغا، مېنىڭچە جۇڭگودەك مۇنداق

چوڭ دۆلەت داۋاملىق يېتىم ھالەتتە تۇرىۋېرىدىغان بولسا، ئاسىيا «ئالغا باسالمايدۇ»، دېدى. ئۇ يەھيادىن ئۆزىنىڭ قارىشىنى جۇڭگولۇقلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، نىكسون رۇمىنىيىنىڭ بۇخارېست شەھرىدە يەنە چىئو سېسكو زۇڭتۇڭغا يۇقىرىقى قارىشىنى ئېيتتى.

ۋاشىنگتونغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىسسىنگېر پاكىستاننىڭ باش ئەلچىسى ئاگار خىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، پاكىستاننىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا ئۇچرىشىشىدا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا پاكىستان يولى ئېچىلدى.

ئاۋغۇستتا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان چېگراسىدا يەنە بىر قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى. ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىنى ئەيىبلىشى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى پەللىگە چىقىۋاتاندى. ئۇرۇش خەۋپى قىل ئۈستىدە تۇراتتى. ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلدى. ئۆكتەبىردە پاكىستان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مارشالى شىر ئەلىخان ئامېرىكىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە كىسسىنگېر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، يەھيا زۇڭتۇڭ جۇڭگو رەھبەرلىرىگە نىكسوننىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى يەتكۈزگەندى، جۇڭگولۇقلار بۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، دېدى. ئارقىدىنلا كىسسىنگېر جۇڭگو ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئاز - كەم ئىككى يىل بولغان ۋارشاۋا سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاخبارات تاپشۇرۇۋالدى. كىسسىنگېر دەرھال ئامېرىكىنىڭ پولشادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستوئېسسېلغا جۇڭگونىڭ ۋارشاۋادا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن ئامال قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئەستايىدىل سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن بۇ بابنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان ھېلىقى كۆرۈنۈش يۈز بەردى.

11 ـ دېكابىر ستوئېسسېل جۇڭگونىڭ پولشىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئامېرىكىلىقلارغا قارىتا تۇنجى قېتىم قىلىنغان تەكلىپ ئىدى، بۇنىڭدىن ئامېرىكا ناھايىتى ھاياجانلاندى، ستوئېسسېل، مەن خۇشال ھەم ئېھتىياتچان ھالدا باش ئەلچىخاناڭلارغا ئارقا ئىشىكتىن كىرىمەن، دەپ جاۋاب بەردى؛ جۇڭگو تەرەپ، ئالدى ئىشىك بىلەن كىرىۋەرسىڭىز تامامەن بولىدۇ، دېدى. ستوئېسسېل ئەلچىخانىغا كەلدى ھەمدە دوستانە كەيپىياتتا لېي ياڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ ۋارشاۋادا سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنىڭ بىر قاتار تەشەببۇسكار ھالىتىگە تۇنجى قېتىم ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشى ئىدى.

1970 ـ يىلى 8 ـ يانۋار ئىككى تەرەپ يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. بۇ قېتىم جۇڭگو ۋەكىلى ئامېرىكىنىڭ پولشىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا دۆلىتىمىزنىڭ بايرىقى ئېسىلغان پىكاپقا ئولتۇرۇپ باردى. كۆرۈشكەندىن كېيىن، بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتوندا ئوخشاش ۋاقىتتا، ۋارشاۋا سۆھبىتى 20 ـ يانۋار ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، دەپ ئېلان قىلىندى. ئامېرىكا گوۋۇيۈەننىڭ باياناتچىسى، سۆھبەت «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى باش ئەلچىخانىسى»دا ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باياناتچىسىنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ رەسمىي نامىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئاتىشى بولۇپ، بۇ تويتوغرا ئۇچۇر ئىدى.

20 ـ يانۋار ستوئېسسېل بىلەن لېي ياڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ۋارشاۋا سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، بۇ 135 ـ قېتىملىق سۆھبەت ئىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت قارىماققا ئىلگىرىكى 134 ـ قېتىملىق سۆھبەتتىن پەرقلەنمەيتتى، ھەر

ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مەيدانىنى قايتا تەكىتلىدى. ئەمما، سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ستوئېسسېل بىر باياناتنى ئوقۇپ ئۆتتى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئامېرىكا ‹ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۇنياغا بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت جۇڭگوغا قارىتىلغان پىلانغا قاتنىشىش› ئۇستىدە ئىزدەنمەيدۇ». ئارقىدىنلا ئۇ يەنە، ئامېرىكا بىر ۋەكىلنى بېيجىڭغا سىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىڭلار بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەۋەتىشنى ياكى ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ ۋەكىلىنىڭ ۋاشىنگتونغا كېلىپ مەن بۇگۈن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ياكى بىز مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلغان باشقا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى قوبۇل قىلىشنى ئويلىنىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

لېي ياڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خەۋەرگە ئۇدۇل جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۆز پىكرىدە مۇنداق مەنىلىك سۆزلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتى:

ـــ بىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق پىكرى ۋە تەكلىپىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى ھەقىقىي تۈردە پەسەيتىشنى ھەمدە جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تۈپ ئاساستىن ياخشىلاشنى ئويلىنىپ كۆرۈشنى خالايمىز. بۇ سۆھبەتلەر باش ئەلچى دەرىجىلىكلەر بويىچە داۋاملاشتۇرۇلسىمۇ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى ئىككى تەرەپ قوشۇلغان باشقا يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىلىقى نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى دۆلەتنىڭ پايتەختىدە تۈزۈلگەن ئىككى سۆز تېكىستىدە، ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. كىسسىنگېر بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. 20 ـ فېۋرال ئۆتكۈزۈلگەن 136 ـ قېتىملىق سۆھبەتتە، جۇڭگو ۋەكىلى

سۆھبەتنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ئەمما، ئامېرىكا قوشۇنلىرى كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەچكە، ئەسلىدە 20 ـ ماي ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان سۆھبەت كېچىكتۈرۈلدى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى.

گەرچە تۈرلۈك توسالغۇلار بولغان بولسىمۇ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ يارىشىش قەدىمى يەنىلا توختاپ قالمىدى. بۇ قېتىم جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىيسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بىۋاسىتە سىگنال بەردى.

1 ـ ئۆكتەبىر دۆلەت بايرىمىدا ماۋ زېدۇڭ ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن بىناسىغا چىقىپ، كاتتا نامايىش قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئېدگار سىنو تۇراتتى، سىنو 30 ـ يىللاردا يەنئەنگە كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەشھۇر ئەسىرى «غەربىكە ساياھەت»نى يازغانىدى. بىر ئامېرىكىلىقنىڭ جۇڭگو داھىيسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھېچقانداق ئامېرىكىلىق مۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئەمەس. ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ ئارقىلىق جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانىدى. لېكىن، بۇ ئەپچىل سىگنالنى سۆز ـ ھەرىكىتىدە يوشۇرۇن مەنە كەمچىل غەربلىكلەرنىڭ چۈشىنىشى قىيىن ئىدى. كىسسىنگېر ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەندى.

نىكسوننىڭ ئىنكاسى ماۋ زېدۇڭنىڭ مەنىلىك سىگنالىدىن ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى. سىنو تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىققان ۋاقىت

بىلەن ئۇخشاش دېگۇدەك چاغدا، نىكسون «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرىغا: «ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قىلىدىغان ئىشىم جۇڭگوغا بېرىش، ئەگەر ئۆزۈم بارالمىسام، بالىلىرىمنىڭ بارالىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.

25 ـ ئۆكتەبىر نىكسون ئامېرىكىغا زىيارەت قىلغىلى كەلگەن پاكىستاننىڭ زۇڭتۇڭى يەھيا خان بىلەن كۆرۈشتى. يەھيا پات ئارىدا جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىغان بولغاچقا، نىكسون ئۇنىڭدىن ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا مەخپىي زىيارەتتە بولۇشقا بىر ئالىي دەرىجىلىك ئەلچى ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقىنى جۇڭگولۇقلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى يەنە بىر قېتىم ئۆتۈندى.

ئەتىسى، نىكسون زىيارەتكە كەلگەن رۇمىنىيە زۇڭتۇڭى چىئو سېسكونى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. نىكسون قەدەھ سۆزى سۆزلىگەندە رۇمىنىيە بىلەن ئامېرىكا ئۇخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنىڭدەك «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېدى. بۇ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۇ رەسمىي نامنى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىشى ئىدى.

بۇمۇ يەنە بىر چوڭقۇر مەنىلىك سىگنال بولدى.

8 ـ دېكابىر پاكىستاننىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خىلار كىسسىنگېرغا يەھيانىڭ جۇڭگوغا قىلغان سەپىرىگە ئالاقىدار بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، خىلار كىسسىنگېرنىڭ ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ يېنىدىن بىر لېپاپىنى چىقاردى، ئىچىدە كۆك سىزىقلىق ئاق قەغەزگە قول بىلەن يېزىلغان خەت بار ئىدى. بۇ خەتنى يەھيا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قولىغا تەگكۈزگەنىدى، چۈنكى ئۇ تېلېگراممىا ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارايتتى. خىلار، ئۆزىگە بۇ ھۆججەتنى كىسسىنگېرغا تاپشۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى بېرىلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدىرىماي ئوقۇپ بەردى، كىسسىنگېر

www.uyghurkitap.com

خاتىرىلىنىۋالدى. ئۇلار بىر قەدىمىي دىنىي دۆلەتنىڭ سىياپە باياناتچىسىنىڭ غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىنقىلابىي دۆلەتنىڭ رەھبىرىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقى تالالا ماسلاشمىغانلىقىغا ھېچقايسىسى دىققەت قىلمىغانىدى. ھالبۇكى، سىمسىز تېلېگراف دەۋرىدە، ئۇلار ئۆتكەن ئەسىردىكى بىر ئەلچى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، قوليازمىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، دىپلوماتىك ئۇسۇلنى قوللانغانىدى.

كىسسىنگېر ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى. بۇ، سىرلىق ئۇچۇر بولماستىن، جۇ ئېنلەينىڭ نىكسونغا يازغان رەسمىي شەخسىي خېتى ئىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مەن ماۋ زېدۇڭغا ۋاكالىتەن گەپ قىلىۋاتىمەن، جۇڭگو تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئىزچىل خالاپ ھەم ئىزدىنىپ كەلدى... نىكسون زۇڭتۇڭنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى بېيجىڭدا ئەڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.»

جۇ ئېنلەي، ئامېرىكا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالدۇق، لېكىن، بىر دۆلەت باشلىقىنىڭ يەنە بىر دۆلەت باشلىقى ئارقىلىق ئۇچىنچى بىر دۆلەت باشلىقىغا تەكلىپ بېرىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش... بىز بۇ ئۇچۇرغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدۇق، دېدى.

قىسقىسى، بۇ رەسمىي تەكلىپ ئىدى. كىسسىنگېر دەرھال ئېلليپس شەكىللىك ئىشخانىغا كىرىپ نىكسون بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئىككىسى تەكلىپنى بىردەك خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. كىسسىنگېر بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ، بەلگىسى يوق سالام خەت قەغىزىگە ماشىنكا بىلەن باستى. كۈتۈلمىگەن ھالدا مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىمزامۇ قويمىدى. بۇ خەت 16 ـ دېكابىر باش ئەلچى خىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئەجابىي ئۇچۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. 8 ـ دېكابىر ماۋ زېدۇڭ ئېدگار سنونى قوبۇل قىلدى. بۇ گىگانت

ئادەم قىزىقارلىق قىلىپ مۇنداق دېدى:
ــ ھازىر جۇڭگو ـ ئامېرىكا مەسىلىسىنى نىكسون ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. مەيلى ئۇ زۇڭتۇڭ سالاھىيىتى بىلەن كەلسۇن ياكى ساياھەتچى سالاھىيىتى بىلەن كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى خالايمەن.
بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىنى ئويلاپ قويغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. 1971 ـ يىلى 11 ـ يانۋار جۇ ئېنلەي رۇمىنىيە ئارقىلىق بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. خەتتە يېڭى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «نىكسون زۇڭتۇڭ بۇخارېست ۋە بېلگرادنى زىيارەت قىلغانىكەن، ئۇنداقتا بېيجىڭدىمۇ قارشى ئېلىنىدۇ.» بۇ جۇڭگونىڭ نىكسوننى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلىشى ئىدى. ئامېرىكا ئۇنىڭغا تېزلا ئېنىق جاۋاب بەردى.
مارتنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەت ياخشىلاندى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان بىر ـ بىرىنى سىناش باسقۇچى ئاخىرلاشتى. ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش يېقىنلىشىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا، توساتتىن جۇڭگولۇقلارنىڭ رېژىسسورلۇقىدا زامانىمىزنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدىكى كومېدىيىلىك بىر كۆرۈنۈشنىڭ پەردىسى ئېچىلدى، ئۇ، «تىكتاك توپ دىپلوماتىيىسى» ئىدى.
1971 ـ يىلى ئاپرېلدا 31 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا تىكتاك توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ياپونىيىنىڭ ناگويا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 4 ـ ئاپرېل ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسىنىڭ ئەزاسى لوس ـ ئانژېلېس شتاتى سانتامونىكا شەھەرلىك ئىنستىتۇتنىڭ 19 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى گرېن كوخېن ئالدىراشچىلىقتا جۇڭگونىڭ 20 نەچچە نەپەر تىكتاك توپ ماھىرى ئولتۇرغان ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالدى. كۈتۈلمىگەندە، دۇنيا تىكتاك توپ چېمپىيونى جۇاڭ زېدۇڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. ئىككىسى دوستانە سۆزلەشتى. كوخېن، مەن ئەگەر تەكلىپ قىلىنسام، جۇڭگوغا بېرىشنى خالايتتىم، دېدى. ئۇ جۇاڭ زېدۇڭغا تىنچلىق بەلگىسى بېسىلغان مايكىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى. جۇاڭ زېدۇڭمۇ ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن قولياغلىقتىن بىرنى سوۋغا قىلدى.

جۇڭگونىڭ بىر تەنھەرىكەتچىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر تەنھەرىكەتچىسىنىڭ ئالاقىلىشىشكەنلىكى دەرھال غەرب ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى. جۇڭگو تىكتاك توپ كوماندىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلەت ئىچىدىن دەرھال يوليورۇق سورىدى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق سوراپ دوكلات يازدى. ئۇ دوكلات ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئالدىغىچە يېتىپ باردى.

ماۋ زېدۇڭ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ نىكسون تەختكە چىققاندىن بۇيان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر قاتار ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. تۈرلۈك ئالامەتلەر جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئاچقۇچلۇق بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىنى ئويلىشى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ھەرگىز ئەقىلگە سىغمايتتى. تىكتاك توپ ئويۇنچىلار بىرىنچى بولۇپ كەلسە نېمە بولغۇدەك؟ ئۇلار نىكسون ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسىنىڭ بېيجىڭدا زىيارەتتە بولۇشى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىپ بېرەلەيدۇغۇ. بۇ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتى ـ دە. ماۋ زېدۇڭ دوكلاتنى دەرھال تەستىقلىدى.

6 ـ ئاپرېل جۇڭگو تىكتاك توپ كوماندىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى سۇڭ جۇڭ ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم ھەيران قالدى. نىكسون ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى دەرھال تەستىقلىدى. جۇڭگونىڭ ئۇلارنى تەكلىپ قىلغانلىقى قارىماققا ئىككى دۆلەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىغا بېرىلگەن مۇھىم سىياسىي بېشارەت ئىدى. خۇددى «دەۋر» ژۇرنىلىدا ئېيتىلغىنىدەك: «(تاك) قىلغان بۇ ئاۋاز پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاندى.»

10 ـ ئاپرېل ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كەلدى. ئۇلار 1949 ـ يىلىدىن بۇيان جۇڭگو زېمىنىغا قەدەم تاشلىغان تۇنجى رەسمىي ئامېرىكا ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئىدى.

14 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت 2 يېرىمدا جۇ ئېنلەي خەلق سارىيىدا ئامېرىكا تىكتاك توپ كوماندىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. بۇ، ئالاھىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. جۇ ئېنلەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سۆز قىلدى:

ـــ سىلەر جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتىڭلار. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەتتىكى كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ياقلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

بۇ سۆز قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

كۆرۈشۈش جەريانىدا، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئۈچۈن مۇھىم

www.uyghurkitap.com

رول ئوينىغان ھېلىقى كوخېن جۇ ئېنلەيگە بىر سوئال قويدى:

— زۇڭلى ئەپەندى، سىز ئامېرىكىدىكى ھەرىبلىكەشلەرگە قانداق قارايسىز؟

ئامېرىكا ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ستېينخوۋېن قاراملىق قىلىپ سورالغان بۇ سوئالدىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ھەدەپ كوخېنغا ئىشارەت قىلماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى جۇ ئېنلەيگە مەركەزلەشكەنىدى.

جۇ ئېنلەي كۈلۈمسىرىگەچ كوخېننىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرىغا نەزەر تاشلاپ، دېدى:

— قارىغاندا، سىزمۇ بىر ھەزىلكەش ئوخشىمامسىز، — ئاندىن ئۇ نەزىرىنى كۆپچىلىككە قاراتتى، — دۇنيادىكى ياشلار ھازىرقى ھالەتتىن نارازى بولۇپ، ھەقىقەت ئىزدىمەكتە. بۇنداق ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك شەيئىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ھەمدە ئوخشاش بولمىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولىدۇ. بىز ياش چېغىمىزدا ھەقىقەت ئىزدىگەندىمۇ تۈرلۈك يوللاردا مېڭىپ كۆرگەنىدۇق.

كوخېن كوممۇنىستىك دۆلەتنىڭ بۇ زۇڭلىسىنىڭ شۇنچە مۇلايىم، زامانىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئىدىيىسىنى شۇنچە ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز چوڭقۇر قايىل بولدى.

جۇ ئېنلەي نەزىرىنى يەنە كوخېنغا بۇرىدى:

— بىر ئىشنى قىلغاندىن كېيىن، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى سەزگەندە تۈزىتىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

كوخېن قايىل بولغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەتىسى جۇ ئېنلەينىڭ ھېلىقى سۆزلىرى دۇنيادىكى بارلىق چوڭ گېزىتلەر ۋە ئاگېنتلىقلاردا دېگۈدەك خەۋەر قىلىندى. 16 — ئاپرېل كوخېننىڭ ئاپىسى ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ

ۋىسۇۋۇد شەھىرىدىن شياڭگاڭ ئارقىلىق قىپقىزىل بىر دەستە قىزىلگۈلنى جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا ئەۋەتىپ، جۇ ئېنلەينىڭ ئوغلىغا چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇشنى بىرىگە ھاۋالە قىلدى.

كېيىنكى كۈنلەر تىت ـ تىت بولۇپ كۈتۈش بىلەن ئۆتتى. نىكسون بىلەن كىسسىنگېر ئىلگىرى قىلغان ئەجرىنىڭ يوققا چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئىچى تىتىلدايتتى. لېكىن، ھەل قىلغۇچ مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى.

27 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، باش ئەلچى خىلار كىسسىنگېر بىلەن جىددىي كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ جۇ ئېنلەينىڭ بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كەلگەنىدى:

«جۇ ئېنلەي زۇڭلى يەھيا زۇڭتۇڭنىڭ 1971 ـ يىلى 5 ـ يانۋار نىكسون زۇڭتۇڭنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. جۇ ئېنلەي زۇڭلى يەھيا زۇڭتۇڭغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەگەر يەھيا زۇڭتۇڭ تۆۋەندىكى خەتنىڭ تولۇق تېكىستىنى نىكسون زۇڭتۇڭغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسا ئۇ تېخىمۇ خۇرسەن بولاتتى:

ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسىغا يازغان خېتىگە ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلمىگەنىدۇق.

نۆۋەتتە بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەھۋالىنى ئەسلەپ كۆرۈۋاتىمىز. لېكىن، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈپ ئاساستىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بارلىق قوراللىق قىسىملىرىنى تەيۋەن ۋە تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشى شەرت. پەقەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسئۇللىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىپ مۇھاكىمە قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن،

بېيجىڭدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى (مەسىلەن، كىسسىنگېر ئەپەندى) ياكى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ياكى ھەتتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارا كۈتۈۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى دەپ قارىسا، كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بېيجىڭدا ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ شەكلى، تەرتىپى ۋە باشقا تەپسىلاتلىرىغا كەلسەك، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئانچە مۇھىم مەسىلە ئەمەس، بىز ئۇلارنى يەھيا خان زۇڭتۇڭنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق تامامەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. 1971 ـ يىلى 21 ـ ئاپرېل.»

ئىش ئاخىر ئايدىڭلاشتى. جۇڭگولۇقلار رەسمىي تەكلىپ قىلدى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى ھەقىقىي ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش مۇشۇنداق يېتىپ كەلدى. كىسسىنگېر دەرھال نىكسوننى ئىزدىدى، ئىككىسى ھاياجان ئىلكىدە بۇ ئىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتى.

ئەتىسى نىكسون بىلەن كىسسىنگېر ئەلچىلىككە مۇۋاپىق ئادەمنى تەيىنلەش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشتى. بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، نىكسون كىسسىنگېرگە: «مەن سىزنى ئەۋەتىش قارارىغا كەلدىم» دېدى.

كىسسىنگېر بۇنىڭدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشتا ئاۋانگارتلىق رولىنى كىممۇ ئۇنىڭدىن ياخشى ئالالىسۇن؟ 9 ـ ماي بۇ ئۇچۇر جۇڭگوغا يەتكۈزۈلدى. 2 ـ ئىيۇن جۇ ئېنلەي جاۋاب خەت ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە كىسسىنگېر دوكتورنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ، نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىغا تەييارلىق قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. كىسسىنگېر، بۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى تاپشۇرۇۋالغان ئەڭ

مۇھىم خەت، دېدى.

11 ـ ئىيۇن ئىككى تەرەپ مەخپىي زىيارەت ۋاقتىنى 9 ـ ئىيۇلدىن 11 ـ ئىيۇلغىچە بولىدۇ، دەپ بېكىتتى. كىسسىنگېر پاكىستاننىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئىسلامئاباتتىن بېيجىڭغا بىۋاسىتە كەلمەكچى بولدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ نامى جۇڭگونى غەربكە تونۇشتۇرغان مارك پورونىڭ ئىسمى بىلەن «پورو ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى.

30 ـ ئىيۇن ئاقساراينىڭ ئاخبارات باشقارمىسى كىسسىنگېر ۋيېتنام، تايلاند، ھىندىستان ۋە پاكىستانغا زىيارەتكە بارىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پارىژغا بېرىپ ئامېرىكىنىڭ پارىژ سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرى بىلەن كېڭىشىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

8 ـ ئىيۇل كىسسىنگېر پاكىستانغا يېتىپ كېلىپلا، قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. يەھيا زۇڭتۇڭ ئۇنى نادىياگار تېغىدىكى زۇڭتۇڭنىڭ داچىسىغا بېرىپ دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى، بىر ئاپتوموبىل كالۇنى داغدۇغىلىق ھالدا نادىياگارغا قاراپ يول ئالدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كىسسىنگېر ئۆزى يوق ئىدى.

9 ـ ئىيۇل سەھەر سائەت 4 تە، كىسسىنگېر ھەمراھلىرى بىلەن بىر ھەربىي ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ چاگرارا ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى. پاكىستان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىر ئايروپىلانى ئۇلارنى ساقلاۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى. ئايروپىلاندا جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئامېرىكا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېنجىن باشلىق بىرنەچچە دىپلوماتىيە خادىملىرى بار ئىدى، ئۇلارنى جۇ ئېنلەي كىسسىنگېرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى.

ئايروپىلان ھىمالايا تېغىدىن ئۆتكەندە تاڭ قۇياشى ئاسماننى قىپقىزىل يورۇتۇپ، كۆمۈشتەك ئاپئاق قارلىق چوققىلارنى چاقنىتىپ ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. كىسسىنگېر بۇ سىرلىق ھەم قەدىمىي دۆلەتنىڭ زېمىنىغا نەزەر تاشلىغىنىدا

ئاجايىپ سىرلىق ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى.

سائەت 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئايروپىلان بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. كىسسىنگېر دياۋيۇتەيدىكى دۆلەت مېھمانخانىسىغا چۈشتى. يې جيەنيىڭ يوەنشۇەي ئۇنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 بېرىمدا، جۇ ئېنلەي مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدى. كىسسىنگېر جۇ ئېنلەينى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. 1954 ـ يىلى جەنۋە يىغىنىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى دۇللېس جۇ ئېنلەيگە قول بېرىشنى رەت قىلىپ كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن بولغاچقا، كىسسىنگېر تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى سۇندى. جۇ ئېنلەي كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. بۇ ئۆتمۈشتىكى ئارازلىقلارنى كۆڭۈلگە ئالمىغانلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى. كىسسىنگېر جۇ ئېنلەينى چىرايى ياداڭغۇ ئەمما تېتىك ۋە روھلۇق ھېس قىلدى، ئۇنىڭ نەزىرى قەتئىي ھەم مۇلايىم، ئېھتىياتچان ھەم ئىشەنچكە تولغانىدى. ئۇ بەستلىك بولمىغىنى بىلەن، ئەمما جىددىي قىياپىتى، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلاتتى.

سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا، جۇ ئېنلەي بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشىنى بېكىتتى. كىسسىنگېر سۆزىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

— بۇ گۈزەل دۆلەت زېمىنىنى نۇرغۇن كىشىلەر زىيارەت قىلدى، بىزگە نىسبەتەن بۇ زېمىن سىرلىق بىلىنىدۇ، — دېدى

جۇ ئېنلەي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— سىز بۇ زېمىننىڭ ھەرگىز سىرلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسىز، سىز ئۇنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇ سىزگە ئىلگىرىكىدەك سىرلىق بىلىنمەيدۇ.

كىسسىنگېر تۇساتتىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئۆزئارا ئىشەنچ باغلاش، ئۇنداق سىرلىق تۇيغۇنى تۈگىتىش

ئۆچۈن ئىككەنلىكىنى، بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئويى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، سۆھبەت ئاقىلانە، قىزغىنلىق كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. گەرچە سۆھبەت 48 سائەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى، جۇڭگو داۋاملىق يېتىم قالاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇم قىلىش خەۋپى كۈچىيەتتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، ۋيېتنامدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى ناھايىتى ئاسانلا مەغلۇپ بولۇشقا ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئىككى تەرەپ ئىككى پروفېسسور خۇددى سىياسىي ـ پەلسەپە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەشتى. ئىككى تەرەپ نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئىشىنى ئادەتتىكىدەك تىلغا ئېلىپ قويۇپلا بۇ ھەقتە باشقا پاراڭ قىلىشمىدى. جۇ ئېنلەي نىكسوننىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان دۇنيادا «بەش قۇتۇپ» بارلىققا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نۇتقىنى تىلغا ئالدى. كىسسىنگېر زىيارەتكە چىقىپ كەتكەچكە بۇ نۇتۇقتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. سۆھبەتنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، جۇ ئېنلەي كىسسىنگېرگە بۇ نۇتۇقتىن بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بەردى. ئۈستىگە: «مۇشۇ بىر نۇسخىسىلا بار، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇلسۇن» دېگەن سۆزلەر ئىزاھلاپ قويۇلغانىدى. كىسسىنگېر جۇ ئېنلەينىڭ رەقىبىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلانمىغان كەڭ قورساق پەزىلىتىگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئېيتتى.

10 ـ ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن، كىسسىنگېر گۇگۇڭ سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا سۆھبەت داۋاملاشتۇرۇلدى. ئىككى تەرەپ نىكسوننىڭ 1972 ـ يىلى ئەتىيازدا جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىغا بىردەك قوشۇلدى. كەچتە، جۇ ئېنلەي خۇاڭ خۇانى كىسسىنگېر بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە باياناتنى يېزىپ چىقىشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ باياناتتىكى بەزى

سۆزلەر توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشتى، جۇڭگو تەييارلىغان نۇسخىدا، نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. كىسسىنگېر، نىكسون بېيجىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغىلى كېلىدۇ، تەيۋەن مەسىلىسىنى سۆھبەتنىڭ بىردىنبىر كۈنتەرتىپى قىلىشقا بولمايدۇ، دېدى خۇاڭ خۇا، بۇ باياناتتىن جۇڭگو ئاممىسى ئىنتايىن بەك ھاياجانلىنىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن كىسسىنگېر قايتىشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى ئىككى تەرەپ ئاخىر بىرلەشمە باياناتتىكى سۆزلەر توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئاندىن جو ئېنلەي كىسسىنگېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقىنى ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال ۋالتېرس بىلەن جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇاڭ جېن بىۋاستە قىلىشنى قارار قىلدى.

كىسسىنگېر جو ئېنلەي بىلەن خوشلاشتى ھەمدە جۇڭگو خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە خۇشال ھالدا چۈشلۈك تاماققا كىردى. مارشال يې جيەنيىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئايروپىلانغا ئۇزىتىپ قويدى. كىسسىنگېر ھېچكىمگە تۇيدۇرماي پاكىستانغا كەتتى، بىردىنبىر ئۆزگىرىش ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىغا ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى ۋە زىيارەت جەريانىدا چۈشكەن سۈرەتلەر ئالبومى قوشۇلغانىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6دە، كىسسىنگېر يەنە ئايروپىلاندا كېلىشىۋالغان زىيارەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى توغرىسىدىكى «يۇسېكا»ناملىق مەخپىي بەلگىنى تېلېگرامما ئارقىلىق تاقەتسىزلىك بىلەن نىكسونغا يوللىدى. نىكسون بۇ سىگنالنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى ـ دە، ئەسلىدە كېلىشىۋالغان بەلگىلىمىنى بۇزۇپ، كىسسىنگېردىن ئەھۋالنى تېلېگرامما ئارقىلىق دەرھال يوللاشنى

تەلەپ قىلدى. كىسسىنگېر تېلېگراممىغا بەرگەندىن كېيىن، نىكسون تېلېگراممىغا قايتۇرۇپ قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە ماختىدى.

15 ـ ئىيۇل تىنچ ئوكيان ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاقساراي، 5 سائەتتىن كېيىن رۇزۋېلتنىڭ پۈتۈن مەملىكەت تېلېۋىزىيە ـ رادىئو تورىدا بىر «زور بايانات»نى ئېلان قىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. 20 مىنۇتتىن كېيىن، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى بۇ ھەقتە مەخسۇس خۇش خەۋەر تارقاتتى.

سائەت 5تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، نىكسون بىلەن كىسسىنگېر تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ لوس ـ ئانژېلېسقا قاراپ يولغا چىقتى. سائەت 7 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، نىكسون دۆلەت رادىئو شىركىتىنىڭ ئاڭلىتىش بۆلۈمىگە كىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدىغان سۆرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى.ۋە مىكروفون ئالدىدا 7 مىنۇت قىسقا نۇتۇق سۆزلىدى:

ــ كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن ! مەن بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچلىقى ئورنىتىش ئىشلىرىمىزدا قولغا كەلتۈرگەن بىر تۈرلۈك زور ئىلگىرىلەشنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئازغىنە ۋاقتىڭلارنى ئالماقچىمەن.

خۇددى مەن ئۆتكەن ئۈچ يىلدا كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئەگەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ 750 مىليون خەلقى قاتناشمىسا، مۇقىملىق ۋە ئۇزاق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىش دەرۋازىسىنى ئېچىشنى كۆزلەپ، بىرنەچچە جەھەتتە تەشەببۇسكار بولدۇم.

بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، مەن دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىم كىسسىنگېر دوكتورنى يېقىندا يەر شارىنى ئايلىنىپ

ساياھەت قىلىش جەريانىدا بېيجىڭغا جۇئېنلەي زۇڭلى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتىم.

مەن ھازىر ئوقۇيدىغان بۇ ئاخبارات بېيجىڭ بىلەن ئامېرىكىدا بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىنىدۇ.

«جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىلەن نىكسون زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى كىسسىنگېر دوكتور 1971 - يىلى 9 - ئىيۇلدىن 11 - ئىيۇلغىچە بېيجىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. نىكسون زۇڭتۇڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن نىكسون زۇڭتۇڭنى 1972 - يىلى مايدىن بۇرۇن مۇۋاپىق ۋاقىتتا جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. نىكسون زۇڭتۇڭ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ھەمدە ھەر ئىككى تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈشمەكچى...»

نىكسون كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاخباراتنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن، شۇ مەيداندىكى ئوبزورچىلار ۋە مۇخبىرلار تېلېۋىزور ئېكرانىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. مۇشۇ مىنۇتتا، پۈتۈن ئامېرىكا ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ھاڭ - تاڭ قالغانىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. ئاخبارات ساھەسىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. بۇنىڭغا قارشى چىققان بەزى ئوبزورلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ رايىنى ئىگىلىگەن بۇ زور ۋەقە ئۇ پىكىرلەرنى تۇنجۇقتۇرىۋەتتى. نىكسوننىڭ سىياسىتىنى كىشىلەر ئەزەلدىن ھازىرقىدەك بۇنداق قوللاپ باقمىغانىدى. كابىنېتتىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم ئىشىمىز بار

ئىدى، دەپ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگوغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، كىسسىنگېردىن يېڭى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ زىيارەت قىلىدىغان ۋاقىتنى جۇ ئېنلەي بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى سوغۇق باھا بېرىپ، بېيجىڭنىڭ ۋاشىنگتون بىلەن يېقىنلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم پەيدا قىلالمايدۇ، دېدى. لېكىن، كىسسىنگېر بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېنىق بىلەتتى.

كىسسىنگېر ئەسلىدە ھۆكۈمەتتە ئەمەلىي ھوقۇق تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشكارا سورۇنلاردا ئانچە كۆپ ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. شۇڭا، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئابرۇيى بەك چوڭ ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىم مەخپىي زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇ، بىراقلا دۇنيا كۆز تىكىدىغان مەشھۇر ئەربابقا ئايلاندى.

16 ـ ئۆكتەبىر كىسسىنگېر جۇڭگونى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەت ئاشكارا بولۇپ، نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي خەلق سارىيىدا زىيارەتكە كەلگەن بارلىق خادىملارنى كۈتۈۋالدى. دۆلەت زىياپىتىدە جۇ ئېنلەي قىزغىن قەدەھ سۆزى سۆزلەپ، كىسسىنگېرنى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ دەرۋازىسىنى تۇنجى قېتىم ئاچقان «يول باشلىغۇچى»دەپ تەرىپلىدى، ئۇنىڭ جۇڭگونى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كىسسىنگېر بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

بۇ قېتىمقى زىيارەت جەريانىدا كەيپىيات قىزغىن ھەم

دوستانە بولدى. 21 ـ ئۆكتەبىر «خەلق گېزىتى»نىڭ بىرىنچى بېتىگە كىسسىنگېر بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ بىللە چۈشكەن ئىككى پارچە سۈرىتى بېسىلدى. ئامېرىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى بىلەن جۇڭگونىڭ بىر رەھبىرىنىڭ بىللە سۈرەتكە چۈشۈشى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

22 ـ ئۆكتەبىر كەچتە كىسسىنگېر تەكلىپكە بىنائەن خەلق سارىيىغا ئۆلگىلىك بېيجىڭ تىياتىرىنى كۆرۈشكە كەلدى. كىسسىنگېر يې جيەنيىڭ يۈەنشۈەي، مۇۋەققەت دىپلوماتىيە مىنىستىرى جى پېڭفېي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئۇ يەردە جۇڭگونىڭ بىرنەچچە يۈز ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلىرى ئولتۇراتتى، بۇ كىسسىنگېرنىڭ جۇڭگونىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن باشقا كىشىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم كەڭ دائىرىلىك ئۇچرىشىشى ئىدى. يې جيەنيىڭ يۈەنشۈەي ۋە باشقا رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن چاۋاك چالغاندىن كېيىن، تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. بۇ ھال، بۇ ئامېرىكىلىق مېھمانلارنىڭ ئالاھىدە قارشى ئېلىنىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

زۇڭتۇڭ زىيارىتىنىڭ تەپسىلاتلىرى تېزلا بېكىتىلدى. ۋاقتى 21 ـ فېۋرالغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرمۇ تېزلا ھەل بولدى. خەۋەر ئالاقە ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى يۈكسەك بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھە بويىچە جۇ ئېنلەي تېلېفوندا ۋاشىنگتون بىلەن ئەڭ تېز سۆزلىشەلەيتتى.

كىسسىنگېر بىلەن جۇ ئېنلەي 25 سائەت دۇنيا ۋەزىيىتىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى، يەنە 15 سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر باياناتنى يېزىپ چىقتى. ئۇ، كېيىن ئېلان قىلىنغان ھەممىگە ئايان شاڭخەي ئاخباراتى ئىدى. كىسسىنگېر بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئاخباراتنىڭ بىر دەسلەپكى نۇسخىسىنى تەييارلىغانىدى. بۇ نۇسخا كونا مۇقام بويىچە يېزىلغان بولۇپ،

ئۇنىڭدا مۇجمەل بولغان ئورتاق نۇقتىلار تەكىتلەنگەن، شۇنداقلا ئىختىلاپلار ئىنچىكە قوروق گەپلەر بىلەن يوشۇرۇلغانىدى. 22 ـ ئۆكتەبىر كەچتە كىسسىنگېر ئۇ نۇسخىنى جۇ ئېنلەيگە تاپشۇرۇپ بەردى.

24 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن ئەسلىدە مۇۋەققەت دىپلوماتىيە مىنىستىرى جى پېڭفېي كىسسىنگېر بىلەن بىرلىكتە ئاخباراتنى يېزىپ چىقىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈتۈلمىگەندە زۇڭلىنىڭ ئۆزى كەلدى. ئۇنىڭ ئەلپازى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ جىددىي ھالدا، ئامېرىكىنىڭ لايىھىسىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، ئاخباراتتا تۈپ ئاساسلىق ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەرت، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭدىكى سۆزلەر «ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ»، كۆزقاراشنى ئىقابىلىغان ھالدا بىرلىكتە كەلتۈرگەن بىلەن ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

كەچتە كىسسىنگېرلار ئۆردەك كاۋاپىدىن تويغۇچە يەپ بولغاندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي ئۆزى يېزىپ چىققان ئاخبارات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھىدىكى پىكىرلەر ئەزەلدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مەيدانى قىلچە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان سۆزلەر بىلەن شەرھلەنگەن، ئامېرىكىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى شەرھلىشى ئۈچۈن بەزى بوش ئورۇنلار قالدۇرۇلغانىدى. كىسسىنگېر بۇ لايىھىنى شۇنداق بىر كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. لېكىن، كىسسىنگېر ئىنچىكە ئويلىنىپ، بۇنداق ئالاھىدە شەكىلنى قوللىنىشنىڭ نۇرغۇن پايدىسى بارلىقىنى سەزدى. ئىختىلاپلارنى شەرھلەش ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنى خاتىرجەم قىلغىلى بولاتتى. بەزى ئورتاق مەيدانلار ناھايىتى گەۋدىلىك شەكىللەنسە، ئۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان رەھبەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچلىك ئېتىقادىنى

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ لىڭگىرتاقتاق سۆزلەرگە ئۆزىگە پايدىلىق چۈشەنچە بېرىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. كىسسىنگېر جۇڭگولۇقلارنىڭ دىپلوماتىيە ئىقتىدارىغا قاتتىق قايىل بولدى. ئۇ كېيىنكى سۆھبەتلەردە جۇڭگولۇقلاردىن ئۆگىنىۋالغان بۇ ئۇسۇلنى كۆپ قېتىم قوللاندى.

سۆھبەت ناھايىتى تېزلا جىسمانىي كۈچ جەھەتتىكى مۇسابىقىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەر ئىككى تەرەپ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بەزى ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتتى. لېكىن، مۆلچەردىكىدەك تەيۋەن مەسىلىسى ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇزاق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا كىسسىنگېر ئامېرىكىنىڭ تۆۋەندىكى مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بارلىق جۇڭگولۇقلار پەقەت بىرلا جۇڭگو بار دەپ قارىغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇ مەيدانىغا باشقىچە قاراشتا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.»

جۇ ئېنلەينىڭ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ:

— دوكتور، سىز چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭىز، — دېدى.

26 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە، 24 سائەتكە يېقىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ ئاخىر ئاخباراتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئۇ كېيىن ئېلان قىلىنغان شۇڭخەي ئاخباراتى ئىدى.

كىسسىنگېر چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا قايتماقچى بولدى. جۇ ئېنلەي ئۇنى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئىنگلىزچە: «سۆھبەت خۇشاللىقىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشىمىز ئۈچۈن تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن» دېدى.

كىسسىنگېر بىلەن جۇ ئېنلەي سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا، 25 ـ ئۆكتەبىر نيۇيوركتىن دۇنيانى زىلزىلىگە

كەلتۈرىدىغان خەۋەر يېتىپ كەلدى. ب د ت يىغىنىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەيۋەننى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى ئالبانىيىنىڭ تەكلىپى 76 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، 35 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى، 17 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت يۇقىرى ئۈستۈنلۈك بىلەن ماقۇللانغانىدى. بۇ، جۇڭگو شۇنىڭدەك پۈتكۈل 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ زور غەلىبىسى ئىدى. ئاۋاز بېرىلگەندىن كېيىن، ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دوست دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھاياجانلانغانلىقىدىن يىغىن زالىدا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. جۇڭگونىڭ ب د ت گە قايتىپ كېلىشى دۇنيا تەرەققىياتى دولقۇنىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئىدى، ھالبۇكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى ئىلگىرىلەش ئۇنىڭغا بىر سەكرەش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

1972 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى رەسمىي باشلاندى. نىكسون «ھاۋا ئارمىيە 1 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى، جۇ ئېنلەي ئۇنى ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى. بۇ تارىخىي ئۇچرىشىشتا نىكسون ئالدى بىلەن جۇ ئېنلەيگە قولىنى سۇندى، جۇ ئېنلەي: «بۇ بىر قېتىملىق دۇنيادىكى ئەڭ كەڭ ئوكياندىن ئۆتۈپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش» دېدى.

مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، نىكسون بىلەن كىسسىنگېر رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە دەرھال تەكلىپ قىلىندى.

ماۋ زېدۇڭ گەرچە شۇ ۋاقىتتا سۆز قىلىشتا قىيىنلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەپەككۇرى يەنىلا چاقماقتەك تېز ئىدى. ئۇ نىكسوننىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـــ بىزنىڭ ئورتاق قەدىناس دوستىمىز جياڭ مۇدىر بۇنى ياقتۇرمايدۇ ـ دە، ـــ دېدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ماۋ زېدۇڭ سۆھبەتنىڭ جەريانىنى بىمالال باشقۇراتتى، ئۇنىڭ قولىدا سۆز تېپىلمىسا يوق ئىدى، سۆز تېمىسىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرىمايتتى. قارشى تەرەپنى ئاقىلانە سۆزلىشىشكە خالىغانچە يېتەكلەيتتى، ئەمما قارىماققا ئىختىيارىي سۆزلىگەندەك بۇ سۆزلەرگە مۇھىم مەزمۇنلار يوشۇرۇنغانىدى.

سۆھبەت ئەركىن ـ ئازادە ھەم قىزغىن ئۆتكۈزۈلدى. كىسسىنگېر ئۆزى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان چېغىدا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغىنىدا، ماۋ زېدۇڭ كەمتەرلىك بىلەن:

— مەن يازغان نەرسىلەر ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۆگەنگۈچىلىكى يوق، — دېدى.

— رەئىس، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز بىر مىللەتكە تۈرتكە بولدى، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتتى، — دېدى.

— مەن دۇنيانى ئۆزگەرتەلمىدىم، پەقەت بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە جايىنىلا ئۆزگەرتتىم، — دېدى ماۋ زېدۇڭ جاۋابەن.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، كىسسىنگېر شۇ قېتىملىق سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى يېڭىۋاشتىن دەڭسەپ كۆرگىنىدە، ئەمەلىيەتتە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز سۆزىدە شاڭخەي ئاخباراتىنىڭ مەزمۇنىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىنى بايقىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىگەن ھەربىر سۆزىدە ئاخباراتنىڭ ھەربىر ئابزىسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر جۈملە سۆز بار ئىدى. ئەسلەپ كۆرگەندە، ماۋ زېدۇڭ بىلەن قىلىنغان سۆھبەت گويا «ۋاگنېر ئوپېراسىنىڭ ھەربىر كۆرۈنۈشىنىڭ مۇقەددىمىسى»گە ئوخشاپ كېتەتتى.

كەچتە جۇ ئېنلەي خەلق سارىيىنىڭ زىياپەت زالىدا دۆلەت زىياپىتى بېرىپ نىكسون زۇڭتۇڭنى كۈتۈۋالدى. نىكسوننىڭ

كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ، مۇشۇنداق سورۇندا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مۇشۇ مىنۇتتا، تېلېگرافنىڭ مۆجىزىسى ئارقىلىق، بىزنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن ۋە سۆزىمىزنى ئاڭلاۋاتقانلار دۇنيا تارىخىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ھەرقانداق سورۇنلاردىكىدىن كۆپ... ئىلگىرى بىز بەزىدە بىر - بىرىمىزگە دۈشمەن بولغانىدۇق. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئارىمىزدا غايەت زور ئىختىلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىختىلاپلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئورتاق مەنپەئەتىمىز بىزنى بىر يەرگە جەم قىلدى...

شۇڭا، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش كۈن ئىچىدە بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەرگە بىرلىكتە ئاتلىنايلى، بىرلىكتە ماڭماي، باشقا ـ باشقا يول بىلەن ئوخشاش بىر نىشانغا قاراپ ماڭايلى، بۇ نىشان تىنچ ۋە ئادالەت دۇنيا قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت... پۈتۈن دۇنيا بىزگە دىققەت قىلماقتا. پۈتۈن دۇنيا زەن قويۇپ ئاڭلىماقتا. پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا... بىزنىڭ دۈشمەنلىشىشكە ئاساسىمىز يوق؛ ھېچقايسىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش نىيىتىمىز يوق؛ ھېچقايسىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى ئىدارە قىلىش غەرىزىمىزمۇ يوق؛ ھېچقايسىمىز دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى ئەمەسمىز.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ يازغان: «ئۆتتى نى ئىشلار بۇرۇندىن، ئىزمۇئىز تېز قوغلىشىپ، ئۆتىدۇ يەر ئايلىنىپ، كۈنلەر ئۆتەر يورغىلىشىپ، بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاقتۇر بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق بۈگۈنكى پەيتنى چىڭ تۇرۇپ» ھازىر بۈگۈنكى پەيتنى چىڭ تۇرۇپ تۇتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە، كىسسىنگېر جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چياۋگۇەنخۇا بىلەن

ئاخباراتنى كونكرېت يېزىپ چىقتى، گەرچە بەزى ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىسسىنگېر بىلەن جۇ ئېنلەي بۇرۇن ئاخباراتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىنى بېكىتىپ بولغان بولغاچقا، ئۇ ئىختىلاپلار تېزلا ھەل بولۇپ كەتتى.

26 ـ فېۋرال نىكسون بىلەن كىسسىنگېر ئايروپىلان بىلەن خاڭجۇغا قاراپ ماڭدى. 27 ـ فېۋرال ئۇلار شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى.

1972 ـ يىلى 28 ـ فېۋرال جۇڭگو ـ ئامېرىكا شاڭخەيدە بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى ھەمدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىككى دۆلەت نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مانا بۇ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى بىر ئابىدە ئىدى.

27 ـ فېۋرال جۇڭگونى زىيارەت قىلىش جەريانىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق زىياپەتتە، نىكسون جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا ھاراق تۇتۇپ:

— بۈگۈن كەچتە بىز ئىككى دۆلەت خەلقى دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى.

28 ـ فېۋرال ئەتىگەندە نىكسون بىلەن كىسسىنگېر شاڭخەيدىن ئايرىلىپ ۋاشىنگتونغا قايتىپ بارغىنىدا، زەپەر قۇچۇپ قايتقان قەھرىمانلار قارشى ئېلىنغاندەك قارشى ئېلىندى. جامائەت بۇ قېتىمقى زىيارەتنى ئالاھىدە مەدھىيىلىدى. چەت ئەللەردە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغالدى.

تەيبېيدا جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى پەرىشان ھالدا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. گېزىتلەردە شاڭخەي ئاخباراتىغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى ھەمدە يۇتكۇل تىنچ ئوكيان رايونىدىكى كىشىلەر ۋاشىنگتوننىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەت سالاھىيىتى بىلەن بەرگەن ۋەدىسىگە قارىتا ئىشەنچىنى يوقاتتى، دېدى.

موسكۋادا ھۆكۈمەتنىڭ باھاسى ئەلەملىك ھەم سەۋرچان بولدى. ئاخبارات ساھەسى جۇڭگوغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى ھەمدە نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىقىنى توپ ئاساستىن ئېيتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغانلىق، دەپ تەنقىد قىلدى.

توكيودا جۇڭگوغا قارشى زوتېڭ ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشتى. يەتتە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولغان تيەنجۇڭ جياۋرۇڭ جۇڭگو بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

سايگوندا نىكسوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىقىغا ياخشى باھا بېرىلىپ، دۈشمەنلەرمۇ مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك، دېيىلدى.

خانويدا سۈكۈت قىلىندى.

باڭكوكتا تايلاند ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنۇپ، بىر تىكتاك توپ كوماندىسىنى جۇڭگوغا ئەۋەتمەكچى بولدى.

غەربىي ياۋروپادا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

پۈتۈن دۇنيادىكىلەر بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق دىپلوماتىيە ساھەسىدە يېپيېڭى ۋەزىيەت يارىتىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. 1 ـ مارت كىسسىنگېر مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن يەكۈن چىقىرىپ: «بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا غۇۋا كۆرۈنگەن تارىخ مۇساپىسى يورۇتۇپ بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر ئادەم ‹كەلگۈسىنى تاللاش› ھوقۇقىغا ئېرىشتى، خۇددى نىكسون زۇڭتۇڭ ئېيتقاندەك: ‹بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان بىر ھەپتە بولدى›» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب ئوتتۇرا شەرققە سەپەر

1973 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست كىسسىنگېر ئائىلىسىدىكىلەر تەكلىپكە بىنائەن نىكسوننىڭ كالىفورنىيىدىكى «تىنچلىق ئائىلىسى» ناملىق سارىيىغا بېرىپ نىكسون بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا «يورۇق بىنا ۋەقەسى» بورىنى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغانىدى. نىكسون كۆلچەك بويىدا ئۆزى ئەتە ئاچماقچى بولغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە تەكلىپ بەردى. سۆھبەت ئارىلىقىدا، نىكسون تۇساتتىن سوغۇق ھەم تەمكىن ھالدا: «مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى باشلانغاندىلا سىزنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىمنى جاكارلايمەن» دېدى.

بۇ، نىكسوننىڭ كىسسىنگېرگە بۇ ئىش توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىشى ئىدى. لېكىن، بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى روگېرس زۇڭتۇڭغا ئىستىپا بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى سۇنغانىدى. خېلى بۇرۇنلا، ھەقىقىي دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ كىسسىنگېر بولۇپ قالغانلىقى ۋاشىنگتوندا ھەممىگە ئايان ئىدى. روگېرسنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاز نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

22 ـ سېنتەبىر كىسسىنگېر قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ مۇراسىمغا قاتناشقانىدى. ئۇلار گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ۋەتىنىدىن قوغلانغىنىغا 35 يىل بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغلى زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارى قىلىپ

تەيىنلەنگەنىدى.

ئۇنىڭ ئامىتى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتاتتى. 16 ـ ئۆكتەبىر كىسسىنگېر ۋېيتنام ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش يولىدا ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېيتناملىق لى دېشۇ بىلەن بىرلىكتە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

گەرچە ۋېيتنام ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، دۇنيا بۇنىڭلىق بىلەن تىنچلانمىغانىدى. بۇنىڭدىن 10 كۈن ئىلگىرى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى قىزىق نۇقتا رايونى بولۇپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا شەرقتە يەنە ئۇرۇش پارتلىغانىدى.

1947 ـ يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش زادىلا ئۈزۈلمىدى، ئىسرائىلىيە ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1967 ـ يىلىدىكى ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇشتا، ئىسرائىلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى، مىسىرنىڭ سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سىناي يېرىم ئارىلىنى، سۈرىيىنىڭ گولان ئېگىزلىكى قاتارلىق كەڭ ئەرەب زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى.

مىسىر زۇڭتۇڭى ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا زۇڭتۇڭ بولغان ئەنۋەر سادات قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، نومۇسنى ئاقلاشقا بەل باغلىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن تەييارلىق قىلدى ھەمدە ئىسرائىلىيىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قايمۇقتۇردى.

1973 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر ئوتتۇرا شەرق ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە پۇختا تەييارلىق قىلغان مىسىر قوشۇنلىرى سۈۋەيش قانىلىدىن تۇركۈملەپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۈرىيە قوشۇنلىرى باشقا بىر سەپتە ئىسرائىلىيىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، مىسىر قوشۇنلىرى ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرىنىڭ «بارىف مۇداپىئەسى»نى تېز بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالغا ئىلگىرىلىدى. سۈرىيە قوشۇنلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن گولان ئېگىزلىكىنى تېزلا تىزگىنلىۋالدى.

ئېغىر ھالسىرىغان ئىسرائىلىيە دەرھال ئامېرىكىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. كىسسىنگېر مەيلى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت ياكى ئىچكى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، ئىسرائىلىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئويتتۇرىغا قويدى. نىكسون ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىسرائىلىيىگە دەرھال ھەربىي قورال ـ ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئامېرىكا ئارىلاشقانلىقتىن، ئىسرائىلىيە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

16 ـ ئۆكتەبىر ئىسرائىلىيىنىڭ بىر قىسمى سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ، قاھىرەگە يېقىنلىشىپ ماڭدى. شەرقىي سەپتە، ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى گولان ئېگىزلىكىنى يېڭىۋاشتىن ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە دەمەشىققە 70 ئىنگلىز مىلى يەرگىچە ئىچكىرىلەپ باردى.

جىددىي ۋەزىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى كىسسىنگېرنى موسكۋاغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. 22 ـ ئۆكتەبىر، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى 338 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختىتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مۇراجىئەت قىلدى. ئەمما، ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ مىسىرنىڭ سىناي يېرىم ئارىلىدا تۇرۇۋاتقان 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى قورشىۋالدى. 24 ـ ئۆكتەبىر بىرېژنېف نىكسونغا جىددىي تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش توختىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى، بولمىسا سوۋېت ئىتتىپاقى «يالغۇز تەدبىر» قوللىنىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋادىن چۈشۈرۈلگەن يەتتە دىۋىزىيە ئەسكىرى تەقمۇتەق بولۇپ تۇردى. كىسسىنگېر دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامېرىكا قوشۇنلىرى پۈتۈن يەر شارى بويىچە تەقمۇتەق ھالەتكە كىردى، دەپ جاكارلىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق تەلىپىنى رەت قىلدى. ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار بوشاپ قېلىپ، ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئەمما، كىسسىنگېرنىڭ قارىشىچە، تېخىمۇ مۇھىم ئىش ئوتتۇرا شەرقتە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشى لازىم ئىدى. كىسسىنگېر ئىسرائىلىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق مىسىرنىڭ 3 ـ گورۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ يېمەكلىكلەر تەمىناتىغا ئېرىشىشىگە يول قويۇش شەرت، دەپ تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ قاھىرەگە مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزسە، دەپ تەكلىپ بەردى. سادات كىسسىنگېرنى قاھىرەگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، كىسسىنگېرنىڭ مەشھۇر «مۆكىدەك سەپەر قىلىش دىپلوماتىيىسى»نىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

1973 ـ يىلى 6 ـ نويابىر كىسسىنگېر قاھىرەگە يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى سەپىرىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۇللۇكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇش قىلىۋاتقان بۇ ئىككى رەقىبنى سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا ئەكېلەلىشىگە ئىشەنگەنلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ھالبۇكى، كىسسىنگېر ئەگەر بۇ قېتىمقى سەپىرىدە مەغلۇپ بولىدىغان بولسا، ئەرەبلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرى ئوتتۇرا شەرقتە يېڭىۋاشتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىسرائىلىيە خەۋپسىزلىك كاپالىتىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەتتى.

7 ـ نويابىر كىسسىنگېر قاھىرەدە سادات بىلەن تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىم كۆرۈشتى. سادات بەستلىك، ئۆتكى قاراستۇل ئىدى. بۇ دېھقان ئوغلىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى سادىدا بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭدا ئىسىلزادىلەرگە خاس سالاپەت بولۇپ، سۇرلۇك ھەم ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئۇرۇش قوزغىغانلىقى ھەققىدە توختالدى ھەمدە پەقەت ئىسرائىلىيە ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى خەۋپسىزلىك دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەڭگۈ ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىش مۇمكىن ئەمەس، دېدى. سادات كىسسىنگېرگە ھازىر ئالدىمدا ئىككى نىشان بار، بىرى سىناي ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىش، يەنە بىرى ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشتىن ئىبارەت، دېدى.

كىسسىنگېر، ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، لېكىن مەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەملىشىشنى خالايمەن، دېدى. ئۇ، سادات مىللەتنىڭ ئابرۇيىنى شۇنچە قەدىرلىگەنىكەن، ئىسرائىلىيىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇ دۆلەت ئەزەلدىن ھېچبولمىغاندا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ باققان ئەمەس، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئەزەلدىن ئېرىشەلىگەن ئەمەس، دېگەنلەرنى تەكىتلىدى. ئۇ ساداتنى ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشنى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەسىلە دەپ قارىماستىن، روھىي جەھەتتىكى مەسىلە دەپ قاراشقا ئۈندىدى.

سادات غاڭزىسىنى شوراپ، ئۈن - تىنسىز ئاڭلاپ ئولتۇراتتى:

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ 3 - گورۇپپىۋى ئارمىيەم قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ 22 - ئۆكتەبىردىكى ئۇرۇش توختىتىش چېگراسىچۇ؟

— ئالدىڭىزدا تاللىۋالىدىغان ئىككى يول بار. بىرى، 22 - ئۆكتەبىردىكى ئۇرۇش توختىتىش چېگراسىدا چىڭ تۇرۇش،

بۇنداق قىلغاندا بىر قىسىم ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى قانالنىڭ غەربىي قىرغىقىدا قالىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى چارە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش، ئامېرىكا ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇچراشماسلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرىنى قانالنىڭ شەرق تەرىپىگە چېكىندۈرۈش. بۇنداق بولغاندا ئىسرائىلىيە ئىلگىرى ئىشغال قىلىنغان ئەرەب زېمىنىدىن تۈنجى قېتىم چېكىنىپ، كېيىنكى قەدەملىرى ئۇچۇن ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ، ـــ دېدى كىسسىنگېر.

سادات بىرنەچچە مىنۇت چوڭقۇر ئويلاندى، كىسسىنگېرنىڭ تەكلىپى ئەمەلىيەتتە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، مىسىرنىڭ بىر قوشۇنىنىڭ چۆللۈكتە ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە قىينالغانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ، بىر ئامېرىكىلىقنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرلۇك ئېھتىماللىق توغرىسىدىكى مۆلچەرىگە ئىشىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما، كىسسىنگېر شۇنىڭدىن ھەيرانۇھەس بولدىكى، سادات مۇنازىرىلەشمىدى ھەم تالاشمىدى. ئۇ مەن بۇ ئىستراتېگىيىنى قوبۇل قىلىمەن، 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە بىرئاز ساقلاپ تۇرمىسا بولمىغۇدەك، دېدى.

بۇ ئالاھىدە جاسارەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى. سادات مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئورتاق پىكرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزى ئىلگىرى تونۇشمايدىغان بىر ئامېرىكىلىقنىڭ سۆزى بويىچە تەلەي سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، روشەنكى ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋالمايدىغان، توپ ماھىيەتلىك ئىشلارنى تۇتۇشقا ماھىر ئاتاقلىق رەھبەر ئىدى.

كىسسىنگېر ئۇلاپلا ئالتە تۇرلۇك بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: ئۆز جايىدا ئۇرۇش توختىتىش، ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش، مىسىرنىڭ 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ماددىي تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش. 11 ـ نويابىر مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنىڭ بىرىنچى قەدىمى مۇشۇنداق بېسىلدى.

ئەمما، تىنچلىقنىڭ ئاچقۇچى ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى ئۇچراشتۇرماسلىقتا ئىدى. 1974 ـ يىلى يانۋارنىڭ بېشىدا، ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئۇچراشماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان تۈنجى لايىھەسىنى ئېلىپ ۋاشىنگتونغا كەلدى. بۇ لايىھەدە مىسىرنىڭ چېگراسى سۇۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن 6 ــ 10 كىلومېتىر يىراق كېلىدىغان جايغا بېكىتىلىشى، ئىسرائىلىيە قوشۇنى قانالنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا چېكىنىشى، لېكىن مىسىر شەرقىي قىرغاقتا تانكا قويماسلىقى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن 11 ـ يانۋار كىسسىنگېر بۇ لايىھەنى ئېلىپ مىسىرغا يەنە بىر قېتىم كەلدى.

سادات كىسسىنگېر بىلەن ئاسۋاندىكى داچىسىدا كۆرۈشتى. ئۇ، ئىسرائىلىيە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مىتلا ۋە گىدى تاغ ئېغىزىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتسۇن، بىز قانالنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئاز دېگەندىمۇ بىر يېرىم دىۋىزىيە ئەسكەر ساقلاپ قالىمىز، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە قورال تورغۇزىدىكى چەكلىمىنى رەت قىلدى.

ئارقىدىن كىسسىنگېر ئايروپىلان بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ پايتەختى يېرۇسالېمغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۇ يەردە ساداتنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسرائىلىيىنىڭ كابىنېتى ھېلىقى ئىككى تاغ ئېغىزىنى ئىگىلەيمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇ شەرتنىڭ ئورنىغا ئۇلار مىسىرنىڭ شەرقىي قىرغاقتا 30 دانە تانكىسىنى ساقلاپ قېلىشىغا قوشۇلدى.

13 ـ نويابىر كىسسىنگېر يەنە بىر قېتىم ئايروپىلان بىلەن ئاسۋانغا قاراپ يولغا چىقتى. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ ياردەمچىسى سىسكو مۇخبىرلار ئۆمىكىگە مۇنداق دېدى:

ـــ كۆپچىلىكنىڭ مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ئارىلىقىدا مۇكەممەل ئۈتۈشۈپ بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشىنى قارشى ئالىمەن.

مانا بۇ مۇكەممەل سەپەر قىلىش دىپلوماتىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى.

14 ـ يانۋار كىسسىنگېر ئاسۋاندىكى مەجلىسخانىدا يېڭى لايىھىنى شەرھلىدى. كەيپىيات ناھايىتى سوغۇق ئىدى. مىسىرنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال گاماس بۇ لايىھىگە قەتئىي قارشى چىقتى. سادات ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كىسسىنگېرنى كۇتۇپخانىسىغا يالغۇز چاقىردى.

ـــ ئۇلارنىڭ مەقسىتى راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى سادات. كىسسىنگېر مۇنداق دېدى:

ـــ مېنىڭچە، ئىسرائىلىيىنىڭ ئالدىنقى سېپى ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىرنەچچە تاغ ئېغىزىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، باشقا ماددىلارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئۇزاق مۇددەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما سۆھبەتتە ئۆزگەرتىلىدىغان ماددىلار ئانچە مۇھىم ئەمەس.

سادات ئاخىر بىر قارارغا كەلدى: ئىسرائىلىيە ھېلىقى بىرنەچچە تاغ ئېغىزىدا تۇرۇشقا بولىدۇ. قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدا، ئۇ، كۆپچىلىك بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەكلىپنى ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، روھىي جەھەتتىكى ناچار ھالەتتىن ساقلاندى. ئۇ، ئىسرائىلىيىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشى ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سائەت 11 دە، كىسسىنگېر يەنە ئىسرائىلىيىگە قايتىپ كەلدى. دېنىس ۋە دىپلوماتىيە

www.uyghurkitap.com

مىنىستىرى ئابار ئىبىبىن سۆھبەتىنىڭ بۇنچە ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن ھەيران قالدى، ئىلگىرى ئۇلار ساداتنىڭ بۇنداق چاقماق تېزلىكىدەك پەزىلىتىنى تامامەن چۈشەنمىگەنىدى. كىسسىنگېر ساداتنىڭ شەرقىي قىرغاقتا 30 دانە تانكا قالدۇرۇش تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، دىنىس ئىختىيارسىز ھالدا: «ئۇ باشتا 300 دانە تانكا ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئەتىسى كىسسىنگېر ئىسرائىلىيىنىڭ زۇڭلىسى گولدا مايور خانىمنى زىيارەت قىلىپ، كېلىشىم توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلەشتى. ئاسۋانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىسسىنگېر ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تەكلىپىنى، يەنى مىسىر يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى ئالدىنقى سەپتىن ئاز دېگەندە 30 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىندۈرۈشى شەرت، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، گاماس پەقەت 25 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىندۈرىمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. سادات ئاخىرىدا مەخپىي ھالدا، مەن 30 كىلومېتىر چېكىندۈرۈش چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلسام بولىدۇ، لېكىن ئارمىيىنىڭ پىكرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئىسرائىلىيىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ سىناپ كۆرسىڭىز، دېدى.

سادات بۇ يولدا ئاخىرغىچە مېڭىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇ كىسسىنگېرگە، گولدا مايورغا ئېيتىپ قويۇڭ، ياخشى نىيىتىمىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قانالنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا 30 دانە تانكا قالدۇرۇش ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزمەيمىز، دېدى. ئارقىدىنلا سادات ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر پارچە خەتنى مايورغا ئالغاچ بېرىش ئۈچۈن كىسسىنگېرگە بەردى. بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ 26 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم خەت يېزىشى ئىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سىز مېنىڭ گېپىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىڭىز شەرت... مەن ئۇرۇش

قىلىمىز، دەپ تەھدىت سالغىنىمدا گېپىم گەپ ئىدى؛ ئەمدى تىنچلىق ھەققىدە دېگەن گېپىممۇ گەپ.»

ئىسرائىلىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېرۇسالىمدا توساتتىن شۇئېرغان ئاربلاش قار يېغىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىسرائىلىيىنىڭ سۆھبەت گۇرۇپپىسى يوك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ كىسسىنگېر چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدى. چۈشتە كېلىشىم ئاساسەن ھاسىل قىلىندى. كىسسىنگېر ساداتقا تېلېگراممىا بېرىپ يەردىن ھاۋاغا 30 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىندۈرۈش چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېلىشىم ئىسرائىلىيە كابىنېتىغا ئەڭ ئاخىرىدا تەستىقلاشقا سۇنۇلدى.

كىسسىنگېر بىر ھەربىي يوك ئاپتوموبىلى بىلەن زوڭلى مايورنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ساداتنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەردى.

ــ بۇ ياخشى ئىش، ــ دېدى ئۇ ئىخچام قىلىپ، ــ ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدىكەن؟ ئۇزاق مۇددەتلىك توقۇنۇشتىن كېيىن، رەقىبىنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشىنىش ئاسان ئەمەس ـ دە.

چۈشتىن كېيىن ئېيېن كابىنېتىنىڭ كېلىشىمنى تەستىقلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئەكەلدى.

تاشيولنى قار توسۇۋالغاچقا، كىسسىنگېر نائىلاج پويىز بىلەن تېل ئاۋىۋغا بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن مىسىرغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارماقچى بولدى. ۋاگون تۈركىيە دەۋرىدە ياسالغان ۋاگونلار ئىدى. يول بويى كىسسىنگېر ئېيېن بىلەن سۆزلىشىپ ماڭدى. ئەرەب ئەللىرى ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشنى قوبۇل قىلارمۇ؟ ئىسرائىلىيىنىڭ چېكىنىشى ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بولۇپ قالارمۇ؟ لېكىن، ئىسرائىلىيىگە باشقا يول يوق ئىدى، چۈنكى بىر دۆلەت ئەگەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا قىيپالىڭاچ قوراللىق كۈچىگىلا تايىنىۋالسا، ئۇ مەڭگۈ تىنچلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاسۋاندىكى ساداتنىڭ تۇرالغۇسىدا مىسىرنىڭ بۇ زوڭتۇڭى تۇنجى قېتىم كىسسىنگېرنىڭ ئۆز ئىسمىنى چاقىردى: «كېلىنىڭ خېنىرى». ئۇ كۇتۇپخانىدا قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدىكى كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. ئارقىدىنلا كىسسىنگېر مايورنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى: «تىنچلىق بىزنىڭ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنىدىغان نىشانىمىز. ماڭا يازغان خېتىڭىزدە دېگەن گەپلىرىڭىزنى تەكرارلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز، مەڭگۈلۈك تىنچلىق ھەققىدە سۆزلەشكىنىمىزدە مېنىڭ دېگەن گېپىم گەپ.»

سادات مايورنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇشىغىلا، ئۇنىڭ بىر ياردەمچىسى كىرىپ ئۇنىڭ قولىغا بىرنەچچە ئېغىز پىچىرلىدى. سادات ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كىسسىنگېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيدى:

— ئۇلار ھېلىلا 101 كىلومېتىر يەردە ئۇچراشماسلىق كېلىشىمى تۈزۈپتۇ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كونكرېت چېگراسى بېكىتىلگەن شەرتنامىنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى. ئارقىدىن سادات يەنە:

— بۈگۈن مەن ھەربىيچە كىيىمىمنى سېلىۋېتىمەن، بەزى تەبرىكلەش مۇراسىمىدىن باشقا چاغلاردا، ئۇ كىيىمنى مەڭگۈ كىيمەسلىكنى ئارزۇ قىلىمەن، مايورغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ خېتىگە بېرىدىغان جاۋابىم شۇ، — دېدى.

مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، ئۆتىدىغان يەنە بىر ئۆتكەل سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى گولان ئېگىزلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىدى. لېكىن، سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە گۇماننى تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى، سۈرىيە ئامېرىكىنىمۇ قىلچە ياقتۇرمايتتى. كىسسىنگېر سۈرىيىگە قاراپ يولغا چىقىپ مۇكەممەل سەپەر دىپلوماتىيىسىنى قىلماقچى بولدى، ئايروپىلان چۈشىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىغا

چىققان بىر ئامېرىكا دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سۇرىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئابدۇل ھاتەمگە:

ـــ مېنىڭچە، ئايروپىلان خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن جازاسى، ـــ دېدى.

ـــ ياق، ـــ دېدى ھاتەم تەمتىرىمەي، ـــ ئايروپىلان ئەمەس، ئامېرىكا.

1974 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا كىسسىنگېر سۇرىيە بىلەن ئىسرائىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇچراشماسلىق سۆھبىتىگە تۇتۇش قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن دەمەشق بىلەن يېروسالىم ئارىلىقىدا مۇكىدەك مېڭىپ 34 قېتىم بېرىپ ـ كېلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئىسرائىلىيىنىڭ زادى قانچىلىك يول قويىدىغانلىقى، 1973 ـ يىلى ئۆكتەبىردىكى ئۇرۇشتا يېڭىدىن ئىگىلىۋالغان زېمىنىنىلا ئەمەس، بەلكى 1967 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا بېسىۋالغان زېمىنىدىن سىمۋوللۇق ھالدا ئانچە ـ مۇنچە قايتۇرۇپ بېرىشى ئۇ دۈچ كېلىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە ئىدى. مىسىر سىناي يېرىم ئارىلىدىن ئازراق بىر پارچە يېرىنى قايتۇرۇۋالغانىدى، سۇرىيە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنپەئەتكە ئېرىشىشى لازىم ئىدى. بولۇپمۇ قۇنەيتىرەھ بۇ رايوننىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇ، گولان تېغى باغرىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر بولغاچقا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش زۆرۈر ئىدى.

كىسسىنگېر 2 ـ ماي ئالدى بىلەن ئىسرائىلىيىگە كەلدى. گەرچە ئۇ يانۋاردا تىنچلىق ئەلچىسى سۈپىتىدە قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ زىيارىتىگە غەزەپلىنىپ نامايىش قىلغانلارنى كۆردى، لوزۇنكىلارغا ئۇنىڭ ئىسمى ئەرەبچە يېزىلغانىدى. بۇ ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ تىنچلىققا تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئەمما تەلپۈنۈش ۋە ئەندىشە ئارىلىقىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى. ئىسرائىلىيە كابىنېتى چۇۋالچاق يىغىنلارنى ئېچىپ، كىچىككىنە يول قويۇش توغرىسىدا جىددىي مۇنازىرە قىلىشتى،

ئەڭ ئاخىرىدا كىسسىنگېر ھەرھالدا بىر لايىھەنى ئىلىپ دەمەشققە كەلدى. بۇ، سۇرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا مۇكىمدەك ئۆتتۇشۇپ قىلغان 13 قېتىملىق سەپەرنىڭ تۈنجى قېتىملىقى ئىدى.

8 ـ ماي كىسسىنگېر دەمەشققە يېتىپ كەلدى، ئۇ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى بىناسىدىكى بىر ئىشخانىدا ئاسساد زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئىسرائىلىيىنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ئاسساد:

— ئۇلار قۇنەيتىرەھنى قايتۇرۇپ بەرمەي، ئىككىگە بۆلمەكچى بولۇۋېتىپتۇ ـ دە، — دېدى.

مۇرەككەپ سۆھبەت جەريانىدا، كىچىككىنە پەرقمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاسساد كىسسىنگېرنىڭ ئىسرائىلىيىدىن ئەكەلگەن تەكلىپىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى، لېكىن كەسكىن رەتمۇ قىلمىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئىككى تەرەپ گەرچە كۆرەشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك سۆزلەرنى قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزئارا يېقىنلىشىۋاتاتتى.

15 ـ ماي كىسسىنگېر ئىسرائىلىيىگە قايتىپ كېلىپلا، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى: پەلەستىن پارتىزانلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كىچىك شەھىرى مالوتتىكى بىر مەكتەپكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تۆت ئوقۇتقۇچى ۋە 90 ئوقۇغۇچىنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ تۈرمىسىدە قاماقلىق ئەرەب زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ 20 نەپەر ئەزاسىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

يېروسالىم سۈكۈت ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كىشىگە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى. ئىسرائىلىيە دۇنيادا دوستى يوق ياشىغان دۆلەتنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ھازىر مۇشۇنداق شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتاتتى. گەرچە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنى بىلەن، ئىسرائىلىيىلىك ئۆسمۈرلەر ھايات ـ ماماتلىق خەۋپى

ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، مايور دىنىسنى كىسسىنگېرنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ سۆھبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەشكە ئەۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىشارەت ھەرقانداق چىرايلىق گەپلەردىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

دىنىس، ئىسرائىلىيىنىڭ قۇنەيتىرەھنىڭ كەينىدىكى ئېدىرلىقنى قولدىن بېرىشكە ئۇنىماسلىقى ئۆزىنى كۆچلۈك چاغلىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، خەۋپسىزلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈندۇر، چۈنكى ئۇ مۇداپىئە قىلىش ھەممىدىن ئاسان پوزىتسىيە، دېدى. كىسسىنگېر، ئىسرائىلىيە سۇرىيىنىڭ ئېھتىماللىنىش تۇيغۇسىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىشى كېرەك، ئىسرائىلىيە سۇرىيىنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىننى كېڭەيتمەي بېرىشى شەرت، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاساسدىنىڭ ئىسرائىلىيە غەربىي تاغدىكى مۇداپىئەسىدىن ۋاز كېچىشى شەرت دېگەن تەلىپىنى توسۇشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ «مالوت ۋەقەسى» ئەڭ ئاخىرىدا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

كىسسىنگېر، ھازىر ئىككى تەرەپ بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ پەيتى يېتىشىپ يېتىلدى، دەپ قارىدى ـ دە، ئىسرائىلىيىگە قۇنەيتىرەھ شەھىرىنىڭ غەربىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چېكىنىش تەكلىپىنى بەردى، ئىسرائىلىيىنىڭ چەكلىك قوراللار بىلەن كىچىك تاغلارنى داۋاملىق تىزگىنلىشىگە يول قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىرنەچچە قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە كىچىك تاغلاردىن قۇنەيتىرەھ شەھىرىگە بىۋاسىتە ئاتقىلى بولىدىغان قوراللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەنئى قىلىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاساس زۆرۈك بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى. ئەمدى، كىسسىنگېر ئىككى تەرەپنى ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىپ مەسىلىلەرنى مۇشۇ يەرگىچە ھەل قىلىپ

تۇرۇشقا ئۈندىدى. چۈنكى، بىر دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتى دەرۋەقە بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، 26 ـ ماي دەمەشقنى زىيارەت قىلىشى بۇ نۆۋەتتىكى زىيارەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتىسى بولىدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 27 ـ ماي دەل ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە ئەڭ ياخشى بىر سوۋغاتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

26 ـ ماي سۆھبەت ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلگە كېلىپ قالغانىدى، ھازىر پەقەت ئارزاق يول قويۇلسىلا ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىمنى بېكىتكىلى بولاتتى. ئەمما، بۇ كىچىككىنە يول قويۇشنى ئەمدى ئىشقا ئاشۇرماق قىيىندەك قىلاتتى. ئاسساد بىلەن توختىماي ئىككى قېتىم سودىلاشقاندىن كېيىن، كىسسىنگېر بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بۇ قېتىمقى سەپەردە مەغلۇپ بولغانلىق يەكۈنىنى چىقاردى. كىسسىنگېر ئەتىسى ئاسساد بىلەن ئۇچرىشىش پىلانىنى خوشلىشىشقا ئۆزگەرتتى. 27 ـ ماي چۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 51 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چوڭ تورت پىشۇرۇلغان بولسىمۇ، كىسسىنگېر بۇ يەردىن ھازىرلا ئايرىلغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. شۇڭا، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا ئۇ ئاسساد بىلەن خوشلاشقاندا كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى.

كىسسىنگېر بىر ئاي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئاسسادنى ياقتۇرۇپ قېلىشقا باشلىغانىدى. ئاسساد ناھايىتى تەكەببۇر، قەيسەر، زېرەك شۇنداقلا ناھايىتى يېقىملىق ئادەم ئىدى. ئۇ كىسسىنگېرنى كۆپ قېتىم قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. لېكىن، كىسسىنگېر ئۇنىڭ ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە بىللە تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇشكۇل مۇساپىلەرنى قانداق بېسىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئەرەبلەر

بىلەن ئىسرائىلىيە بىللە تۇرۇش ئىدىيىسىگە قارشى ئىدى. ئىراق، ئەمدى بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلالىلى دەپ قالدى. دۇربۇنىنىڭ يەنە بىر بېشىدا تۇرۇۋاتقان گولدا مايورغا ئوخشاش، ئۇمۇ بىر ئاز تىنچلىقنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

كىسسىنگېر مەيۇسلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ئاسساد توساتتىن:

ــــ بىز شۇنچە ياخشى، ئادەمگەرچىلىككە مۇۋاپىق شەخسىي مۇناسىۋەت ئورناتتۇق، سۇرىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش زۆرۈرىيىتىنى ئويلىشىۋاتقىنىمىزدا، مەن ساداقەت ۋە مۇھەببەت يۈزىسىدىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بەرمەسلىكىم كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئويلىنىۋاتىمەن... سۇرىيىنىڭ ئالدىنقى سېپى زادى قانچىلىك ئالدىغا سۈرۈلىدۇ؟ ئوچۇق گەپ قىلىشايلى، ــــ دېدى.

بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۆز ئىدى. ئاسساد بارلىق كارامىتىنى ئىشقا سالغانىدى، ئەمدى يەنە ئەڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىش يولىغا قەدەم تاشلىدى. ئۇ كىسسىنگېرگە مۇنۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلدۇردى. بىرى، يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ سۆھبەت ئۈتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ سودىلىشىش ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چوڭقۇر ھاڭغا سەكرىمەكتە، پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۆزىنى بىرەر نەرسىنىڭ توسۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. ئۇ «نەرسە» كىسسىنگېرنىڭ ئۆزى ئىدى. روشەنكى، ھەرقانداق بىر سۇرىيە رەھبىرى ئامېرىكىنىڭ بىر دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىمگە ئىمزا قويمىغان بولاتتى. لېكىن، ئەڭ ياخشى چارە سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىشتىن ئىبارەت.

ھەقىقىي ئەھۋال مۇنداق ئىدى، سۇرىيە رەھبەرلىرى ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىۋېتىش قارارىغا

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا ئازراق پايدا ئېلىشنى ئويلىغان. كىسسىنگېر سۈرىيىنىڭ ئالدىنقى سېپى ئالدىغا يەنە بىر كىلومېتىر سۈرۈلسۇن، دېدى. كىسسىنگېر بۇ ھەقتە سۈرىيىلىكلەرگە ئېيتىشتىن ئىلگىرى ئىسرائىلىيىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىۋالغانىدى.

تىنچلىق تاڭ نۇرى ئاخىر ئۈپۈق سىزىقىدا پەيدا بولدى، يەنە يەتتە سائەت تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئىككىسى ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلاي دەپ قالدى. ھازىر پەقەت ئىسرائىلىيە جاۋاب بەرسىلا ئىش پۈتەتتى.

28 - ماي كەچ سائەت 10 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، سۈرىيە كېلىشىمنى تەستىقلىدى. ئاساد ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىيارەتكە كەلگەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى گرومىكوغا ھەمراھ بولۇپ، كەچلىك تاماق يېمەكچىدى. بىراق، ئۇ ۋاقىتنى سۆھبەتكە سەرپ قىلدى. ئەمدى ئاساد كىسسىنگېرنى ئۆزى بىلەن بىللە كېچىلىك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا گرومىكونى يوقلاپ چىقىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— ھېچقىسى يوق، سىز ئۇنىڭ بىلەن كەچلىك تاماق يەڭ، — دېدى ئاساد سوغۇق تەلەپپۇزدا.

كىسسىنگېر شۇ كۈنى كەچتىلا ئايروپىلان بىلەن ئىسرائىلىيىگە قايتىپ كەتتى، بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سەپىرى ئىدى. مايور بىلەن ئۇنىڭ سۆھبەت گۇرۇپپىسى دەرھال ئىش باشلىۋەتتى. 29 - ماي تاڭ سەھەر سائەت 4 تە، ئىسرائىلىيە كابىنېتى كېلىشىمنى تەستىقلىدى.

مايىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، كىسسىنگېر غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىغا چۆمۈپ ئوتتۇرا شەرقتىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئىشى كىشىلەر تەرىپىدىن «مۆجىزە» دەپ تەرىپلەندى. ئىسرائىلىيىدە مايور ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن بۇ ئىشلارنى سىزنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم، بىراق سىز قىلىپ

پۈتتۈردىڭىز» دېدى. قاھىرەدە ئۇ سادات تەرىپىدىن «سېھىرگەر» دەپ تەرىپلەندى.

ــ شۇنداق، 1993 ـ يىلى نورۋېگىيىنىڭ ئوسلو شەھرىدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيە بىلەن ئاخىر دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا شەرق تارىخىدا يېڭى ئەسىر ئېچىلدى. كىشىلەر تىنچلىقنىڭ دەرۋازىسى كىسسىنگېر تەرىپىدىن بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى ئېچىلغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب يورۇق بىنا بورانلىرى

1972 ـ يىلى نويابىردا ئامېرىكىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمى بولدى. نىكسون 60.8 پىرسەنت سايلام ئەھلىنىڭ ۋە 97 پىرسەنت بىۋاستە سايلىغۇچىلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئېرىشىپ، ئامېرىكا تارىخىدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا 2 ـ قېتىم ئەڭ زور غەلىبە قىلغۇچى سۈپىتىدە 38 ـ قېتىملىق زۇڭتۇڭ بولدى.

نىكسون بىلەن كىسسىنگېر تازا كۆرەڭلەپ يېڭى بىر دىپلوماتىيە دەۋرىنى بەرپا قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن بوران گۈركىرەپ كېلىپ، نىكسوننىڭ 2 ـ قېتىملىق زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتتى. مانا بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى مەشھۇر «يورۇق بىنا ۋەقەسى».

1972 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن بەش ئادەم دېموكراتلار پارتىيىسى سايلام رىقابىتى باش شتابى جايلاشقان يورۇق بىناغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، دېموكراتلار پارتىيىسى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئوبرياننىڭ ئىشخانىسىغا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى ئورنىتىپ قويىدۇ ۋە مەخپىي ھۆججەتلەرنى سۈرەتكە ئالىدۇ. بۇ بەش ئادەم بىنانىڭ قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن سېزىپ قېلىنىدۇ ھەمدە ساقچىلار تەرىپىدىن نەق مەيداندا قولغا چۈشىدۇ. ئۇ بەش ئادەم ئارىسىدا نىكسون سايلام رىقابىتى شتابى زۇڭتۇڭىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ باش خەۋپسىزلىك مەسلىھەتچىسى جامېي ماك كورد ۋە ئىلگىرى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدە جاسۇس بولغان، كۇبالىقلارنىڭ

ئەۋلادىدىن بولغان تۆت نەپەر ئامېرىكىلىق بار ئىدى.
ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاقسارايىنىڭ ئاخبارات كاتىپى زىيېگلېر ئۇنى «ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئوغرىلىق دېلوسى» دەپ ئاتىدى. زۇڭتۇڭنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى، سابىق ئەدلىيە مىنىستىرى جون مىچېل ئۆزىنىڭ ئاپپاراتىنىڭ يورۇق بىناغا كىرگەن ئوغرىلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. يورۇق بىنا ۋەقەسى ئەينى ۋاقىتدا ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىنمىغاچقا، نىكسوننىڭ يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلىنىشىغا دەخلى يەتكۈزمىگەنىدى.
1973 ـ يىلى يانۋاردا ۋاشىنگتون يەرلىك سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ يورۇق بىنا ۋەقەسىنى تەكشۈردى. بىرنەچچە جاۋابكارنىڭ ھەممىسى گۇناھىنى ئىقرار قىلدى. ئەمما، دېلو ئەھۋالىغا قارىتا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىراق، بىگىز قاپتا تۇرمىغاندەك، مارتتا دېلو ئەھۋالى تېزلا ئايدىڭلاشتى. ئاساسلىق جاۋابكارنىڭ بىرى جامېس ماك كورد سوت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا، بىز سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىغاچقا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇردۇق، دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇ مەخپىي سوراق قىلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، شۇنداق قىلىنسا ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بېرىمەن، دېدى. مەخپىي سوراق جەريانىدا، نىلسون بەنزىسىدىكى بىر قاتار ئالىي دەرىجىلىك ئاربابلار چېتىشلىق، دەپ چىشلەپ تارتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىچېل، ئاقسارايىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى جون دېئان ۋە ماگرۇدېرلارمۇ بار ئىدى. دېلو ئەھۋالىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. 17 ـ ئاپرېل دېلو ئەھۋالىدا «زور ئىلگىرىلەش» بولغانلىقتىن، نىكسون نائىلاج يورۇق بىنا ۋەقەسىنى قايتىدىن تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 30 ـ ئاپرېل نىكسون تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ جون دېئان، ئەدلىيە مىنىستىرى كلېيندىنست شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى، ئاقساراي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بوبېر خولدېرمان

ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلار ياردەمچىسى جون ئېرلىچمانىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا نىكسون ئېلىيوت رىچاردسوننى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پروفېسسورى كوكسنى يورۇق بىنا ۋەقەسىنىڭ ئالاھىدە تەپتىشى قىلىپ تەيىنلىشىگە قوشۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، كېڭەش پالاتاسىدىمۇ دېموكراتلار پارتىيىسىدىن پالاتا ئەزاسى ئىۋېن باشچىلىقىدىكى ئالاھىدە تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن گۇمانلانغان بىر قىسىم ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە مۇخبىرلارنىڭ تېلېفوننى قانۇنسىز ھالدا ئوغرىلىقچە ئاڭلىغانلىقى ئىسپاتلاندى ھەمدە يورۇق بىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، زوڭتۇڭ بەنزىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قانۇنسىز ھەرىكەت قىلغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ چاغدا، يورۇق بىنا ۋەقەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى.

يورۇق بىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، كىسسىنگېر باشتا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيتتى. كىسسىنگېر نىكسوننىڭ كونا بەنزىسىنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نىكسون ھۆكۈمىتىگە كىرگەندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ كەتكەچكە، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي كۈرىشىگە ئانچە قىزىقمايتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ يورۇق بىنا ۋەقەسىگە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

ئەمما، 1973 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كىسسىنگېر نىكسوننىڭ ئىپادىسىدىن بىر ئاز نورمال بولمىغان ئەھۋالنى سەزدى. ئۇ دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا دىققىتىنى ئانچە مەركەزلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى. كىسسىنگېر تاپشۇرغان بايانات ناملەرگە ئىلگىرى دائىم يېزىپ تۇرىدىغان قويۇق باھالارنى يازغانلىقىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى

بولاتتى. 1973 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېلغا كەلگەندە، نىكسوننىڭ بىر ئالاھىدە مەسلىھەتچىسى لېئوناد گارمېنت كىسسىنگېرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ، يوروق بىنا ۋەقەسى ھۆكۈمەتنىڭ بىرمۇنچە ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا چېتىلىدۇ، دېدى. ئۇ، خولدېرمان ۋە ئېرلىچماننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى ھەمدە زۇڭتۇڭمۇ ئەھۋالنى بىلمەي قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، دەپ بېشارەت بەردى. كىسسىنگېر مۇشۇ چاغدا ئاندىن مەسلىسىز بىر مەيدان كرىزىسىنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى سەزدى.

تەكشۈرۈش داۋاملىق چوڭقۇرلاشماقتا، نۇرغۇن يېڭى ئىچكى سىرلار جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلانماقتا ئىدى. ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بەس ـ بەس بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەتتا ئاساسسىز ھالدا خەۋەر قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. نىكسونغا قارىتىلغان ھۇجۇملار تېخىمۇ شىددەتلىك بولۇپ، ھەتتا ۋىيېتنام ئۇرۇشى دەۋرىدىكىدىنمۇ خېلى بەك ئېشىپ كەتكەنىدى. گەرچە ئۇ ۋاقىتتا ئەقىلگە سىغمايدىغان بولسىمۇ بەزىلەر زۇڭتۇڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرسۇن دېگەن مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ۋەقەگە كۆڭۈل بۆلۈشى تارىختىكى ھەرقانداق ۋەقەلەردىكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. يوروق بىنا ۋەقەسى توغرىسىدىكى داغدۇغىلىق خەۋەرلەرنىڭ تەسىرى ۋەقەنىڭ ئۆزىدىن خېلى بەك ئېشىپ كەتكەنىدى. ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىشى بىلەن، كرىزىس ئۈزلۈكسىز ئېغىرلىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا نىكسوننىڭ تەختتىن چۈشۈشىدىكى ئاچقۇچلۇق سەۋەبكە ئايلىنىپ قالدى.

بۇ بورانغا قارىتا كىسسىنگېرنىڭ تازا بېشى قاتتى، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ يوروق بىنا ۋەقەسىنى ھەدەپ خەۋەر قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل

بۆلىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. 23 ـ ئاپرېل كىسسىنگېر مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنى ئېچىپ «ياۋروپا يىلى» پىلانىنى ئېلان قىلدى. بۇ پىلاندا ئامېرىكا بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش كۆزدە تۇتۇلغانىدى. كىسسىنگېر نىكسون مۇشۇ يىل ئىچىدە غەربىي ياۋروپانى زىيارەت قىلىپ، بىر «يېڭى ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيىسى»نى تۈزۈپ چىقىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

كىسسىنگېر، نىكسون تۈنجى نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە ھەل قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەن بۇ مۇھىم مەسىلىگە قارىتا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر چوقۇم بەك قىزىقىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، كۇتۇۋېلىش يىغىنىدا مۇخبىرلار ئۇنىڭ يورۇق بىنا ۋەقەسىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا سورىدى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، يورۇق بىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئاخشىمى سىز نەدە ئىدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

كىسسىنگېر قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ:

— مېنىڭ ھەممىشە ئاخشاملىق پائالىيەتلىرىمگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ناھايىتى ياخشى گۇۋاھچىلىرىم بار، ئۇلار مېنىڭ دېلو سادىر بولغان مەيداندا يوقلۇقۇمغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، — دېدى جاۋابەن.

بۇ ئىشتىن كېيىن، كىسسىنگېرنىڭ «ياۋروپا يىلى» پىلانى يورۇق بىنا ۋەقەسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. يورۇق بىنا ۋەقەسى جېدەلى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كەتكەچكە، نىكسوننىڭ شۇ يىل ئىچىدە غەربىي ياۋروپانى زىيارەت قىلىش پىلانى يوققا چىقتى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ۋەقەنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھۇجۇمنىڭ تىغ ئۇچى ئاخىر كىسسىنگېرگىمۇ قارىتىلدى.

1973 ـ يىلى ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق چوڭ گېزىتلەردە

ئاتالمىش قوشما شتاتلار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيالى ئېلان قىلىنىپ، كىسسىنگېر 1969 ـ يىلى مايدىن 1971 ـ يىلى فېۋرالغىچە بولغان مەزگىلدە 13 نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ۋە تۆت نەپەر مۇخبىرنىڭ تېلېفونىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا پەرمان چۈشۈرگەن، دەپ ئەيىبلىنىپ، كىسسىنگېرمۇ يورۇق بىنا ۋەقەسى قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىلدى.

كىسسىنگېر بۇنىڭغا مەردانىلىك بىلەن رەددىيە قايتۇردى. 1969 ـ يىلى مارتتا نىكسون كامبودژا چېگراسى ئىچىدىكى شىمالىي ۋېيتنامنىڭ بازىلىرىنى بومباردىمان قىلىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ ۋەقە تېزلا ئاشكارىلىنىپ، گېزىتلەردە جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىندى. نىكسون بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. كىسسىنگېر ئەينى ۋاقىتتا مەخپىي ماتېرىيال بىلەن ئۇچرىشىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى بەرگەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تېلېفونى ئوغرىلىقچە ئاڭلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ كىسسىنگېر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى يوق ئىدى. ئەمما، كىسسىنگېر ئاماللىنىڭ بارىچە رەددىيە قايتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇخبىرلار بۇ مەسىلىدە قويۇپ بەرمەي ئېسىلىۋالدى. كەسكىنلەشكەن ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ۋەقەسىنىڭ سايىسى كىسسىنگېرگە ھەمراھ بولۇپ دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئايلاندى. ھەتتا 1974 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كىسسىنگېر ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇكىدەك بېرىپ ـ كېلىپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان غايەت زور دىپلوماتىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەندىمۇ، ئاخبارات سەھەسىدىكىلەر ئۇنى مەدھىيىلەش بۇياقتا تۇرسۇن، تېلېفوننى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ۋەقەسىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە تەلۋىلەرچە سۈرۈشتۈردى. مىجەزى ئەزەلدىن تەمكىن كىسسىنگېر ئاخىر غەزەپلەندى.

1974 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇن كىسسىنگېر نىكسونغا ھەمراھ

بولۇپ ئوتتۇرا شەرقنى زىيارەت قىلىشقا كېتىۋېتىپ، ئاۋستىرالىيىنىڭ سالزبۇرگ شەھرىدە توختىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىمەن، دەپ تەھدىت سالدى. كىسسىنگېر:

— مەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئابرۇيى گۇمانغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلالمايمەن، ئەگەر بۇ ئىش ئېنىقلانمىسا، مەن خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىمەن، — دېدى.

كىسسىنگېرنىڭ باياناتى ھەممەيلەننى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ھالبۇكى، ئامېرىكا دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى. ئۇنى قوللايدىغان خەتلەر قار ئۇچقۇنلىرىدەك گۇۋۇيۇەنگە ئەۋەتىلدى. پارلامېنتتا نەچچە 10 پارلامېنت ئەزاسى بايانات ئېلان قىلىپ، كىسسىنگېرنىڭ «سەمىمىيلىكى ۋە ئۇزلۇكىگە قىل سىغمايدۇ» دەپ قارىدى. مۇشۇ چاغدىلا ۋەقە بىر ئاز بېسىقتى.

ئەمەلىيەتتە، يوروق بىنا ۋەقەسىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئاشكارىلىنىشى بىلەن، كىسسىنگېرنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرى تېخىمۇ كېڭەيمەكتە ئىدى. بىر تەرەپتىن نىكسون تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە يېتىشەلمەيۋاتقاچقا، كىسسىنگېر مۇستەقىل قارار چىقىرىش ھوقۇقىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن نىكسوننىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تېخىمۇ تەقەززا ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، نىكسون ئاخىر تەختتىن چۈشۈشتىن خالىي بولالمىدى.

نىكسونغا بېرىلگەن ئەجەللىك زەربە ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان، نىكسون

خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىللىپس شەكىللىك ئىشخانىسىغا ئۇنىئالغۇ ئورنىتىۋالغان بولۇپ، بارلىق سۆھبەت ۋە كەلگەن ـ بەرگەن تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي يوسۇندا ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋالاتتى. بۇنداق قىلىش ئۇز قولى بىلەن ئۆزىگە بىر سىرتماق تەييارلاش ئىكەنلىكىنى ئۇ زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. 1973 ـ يىلى ئىيۇلدا سابىق ئاقساراي ئىشخانىسى مۇدىرىنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىئالغۇ سىستېمىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغۇچى ئالېكساندىر باسفورد كېڭەش پالاتاسىدا ئىسپات بەرگەندە بۇ ئەھۋالنى پاش قىلدى. كېڭەش پالاتاسى ئالاھىدە تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئالاھىدە تەپتىش كوكس نىكسوننىڭ يورۇق بىنا ۋەقەسىگە چېتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بارلىق ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىنى دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نىكسون ئۇنىئالغۇ لېنتىسى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيەتلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەننى باھانە قىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇنىئالغۇ لېنتىسى مەسىلىسى يورۇق بىنا ۋەقەسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئالاھىدە تەپتىش كوكس نىكسوندىن ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، 1974 ـ يىلى 20 ـ يانۋار نىكسون غەزەپلىنىپ ئەدلىيە مىنىستىرى رىچاردسونغا كوكسنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. رىچاردسون بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇۋەققەت ئەدلىيە مىنىستىرى ۋىلىيام رۇككېلشاۋسمۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، خىزمىتىنى تاشلاپ كەتتى. روبېرت بوكېر مۇۋەققەت ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن كوكسنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. بۇ ئىش شەنبە كۈنى يۈز بەرگەچكە، گېزىتلەردە «شەنبە كېچىسىدىكى زور قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتالدى. نىكسوننىڭ بىراقلا ئىناۋىتى

چۈشۈپ كەتتى.

ۋەزىيەت نىكسونغا بارغانسېرى پايدىسىز بولماقتا ئىدى. مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئاگنېۋ باج تاپشۇرمىغانلىق سەتچىلىكى تۈپەيلىدىن نائىلاج خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا گېرالد فورت چىقتى. 1974 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆتكۈزۈلگەن كەم ئورۇننى تولۇقلاش سايلىمىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بەشتىن تۆت قىسمىغا يېقىن ئاۋازنى قولدىن بېرىپ قويدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ نىكسوندىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان سادالار چىقىشقا باشلىدى.

24 ـ ئىيۇل قاقشاتقۇچ زەربە يېتىپ كەلدى. ئالىي سوت مەھكىمىسى سەككىزگە قارشى نۆل ئاۋاز بىلەن نىكسوننىڭ يوروۇق بىنا ۋەقەسىگە چېتىشلىق بولغان 64 دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كوكسىنىڭ ئورنىغا ئالاھىدە تەيىنلەنگەن كوكسنىڭ ئورنىغا ئالاھىدە تەيىنلەنگەن بولغان جاۋۇسقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى، ئۇ ئۈنئالغۇنىڭ بىرىگە يوروۇق بىنا ۋەقەسى يۈز بەرگىنىگە ئالتە كۈن بولغاندا نىكسوننىڭ خولدېرمان بىلەن سۆزلەشكەن بىر قېتىملىق سۆزى ئېلىنغانىدى. نىكسون قوشما شتاتلار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يوروۇق بىنا ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشىنى توسىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى. بۇ نىكسوننىڭ ئامالسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 26 ـ ئىيۇل ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەدلىيە كومىتېتى نىكسوننى يوروۇق بىنا ۋەقەسىدە ئەدلىيە ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدى ھەمدە زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتتى، دېگەن جىنايىتى بىلەن رەسمىي ئەيىبلەشنى قارار قىلدى. نىكسون مۇشۇ چاغدىمۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى رەت قىلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە مادار قالمىغانىدى.

6 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن كابىنېت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ناھايىتى روشەنكى، نىكسون



www.uyghurkitap.com

تەختتىن چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. كابىنېت ئەزالىرى ئىلگىرىكىدەك نىكسونغا ھۆرمەت بىلدۈرمەي، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ فورتنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە ئىدى. كىسسىنگېر نىكسوننىڭ ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى. نىكسون ئالدى بىلەن پىكىر قىلدى، ئۇ غەلىتە ھالدا پۇل پاخاللىقىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى، ئاندىن توساتتىن سۆزىنىڭ تېمىسىنى يوروق بىنا ۋەقەسىگە يۆتكەپ، خىزمىتىدىن ھەرگىز ئىستېپا بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، فورت، ئەدلىيە مىنىستىرى ساكسبېي، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 1988 ـ يىلى زۇڭتۇڭ بولغان گېئورگى بوش ئارقا ـ ئارقىدىن پىكىر قىلىپ، يوروق بىنا ۋەقەسى دۆلەتكە ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە غايەت زور بالا ـ قازا كەلتۈردى، دەپ نىكسوننىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا دارىتمىلىدى.

چۈشتە كىسسىنگېر ئېلليپس شەكىللىك ئىشخانىغا كىرىپ، زۇڭتۇڭغا ئوچۇقلا، ئۇنىڭ ھازىر دۆلەتكە قوشىدىغان ئەڭ زور تۆھپىسى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش ئىكەنلىكىنى، ئەيىبلەش يۈزىسىدىن قىلىنىغان سوراق دۆلەتكە بالا ـ قازا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھەمدە زۇڭتۇڭنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

7 ـ ئاۋغۇست نىكسون پارلامېنتتىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئۈچ نەپەر داھىيسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاقساراي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خايگ كىسسىنگېرگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى چاقىرتتى. كىسسىنگېر ئېلليپس شەكىللىك ئىشخانىغا كىرىپ كەلگىنىدە، نىكسوننىڭ ئارقىسىنى قىلىپ، دېرىزە تۈۋىدە گويا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېڭىسىگە مەھكەم ئورنىتىۋالماقچى بولغاندەك ئەترگۈللۈككە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

نىكسون كىسسىنگېرگە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيلىرى مېنى پارلامېنتتا يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشەلمەيسىز، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەيىبلەش تەرتىپىدە غەلىبە قىلالىشىڭىزدىن ئۈمىد يوق، دەپ قارايدىكەن. مەن دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىش قارارىغا كەلدىم، سىزنىڭ داۋاملىق ئىشلەپ، مەن ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلىدىغان دىپلوماتىيە سىياستىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 بولاي دېگەندە، نىكسون لىنكولن دەم ئېلىش ئۆيىدىن يەنە تېلېفون بېرىپ كىسسىنگېرنى يېنىغا چاقىردى. كىسسىنگېر يېتىپ كېلىپ، نىكسوننىڭ ئورۇندۇقتا روھسىز ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆينىڭ باشقا جايلىرى غۇۋا قاراڭغۇ بولۇپ، ئۈستەل چىرىغىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئورۇندۇقىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ كۈنى كەچلىك ئۇچرىشىش ئاز - كەم ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. نىكسون قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئىنتايىن ئاجىز كۆرۈنەتتى. ئۇ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىككىسى بىرلىكتە قىلغان ئىشلارنى ئەسلىدى، ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا، تارىخ ماڭا قانداق باھا بېرەر؟ مەن تەسىرى قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلالىدىممۇ - قىلالمىدىممۇ؟ دۇنيا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك تىنچلاندىمۇ؟ دەپ سورايتتى. نىكسون مۇشۇ سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇسىنى يەڭگىللەتمەكچى بولاتتى.

كىسسىنگېر تارىخنىڭ ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، نىكسون بۇنىڭدىن تەسەللى تاپماي، بۇ تارىخنى كىمنىڭ يېزىشىغا باغلىق، دېدى.

ئۇلار لىنكولن دەم ئېلىش ئۆيىدە ئىككى سائەتكە يېقىن سۆھبەتلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىكسون كىسسىنگېر بىلەن بىللە لىفتقا قاراپ ماڭدى. لىنكولن ياتاق ئۆيىدىن ئۆتۈۋاتقاندا،

نىكسون بىللە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئېھتىمال، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش نىكسوننىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق ھاياتىغا شۇنىڭ بىلەن خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى بولسا كېرەك. نىكسون ئىخلاسمەنلىك بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، پىچىرلاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. كىسسىنگېرنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قوزغالدى.

8 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن نىكسون فورت بىلەن كۆرۈشۈپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولغانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 دا، نىكسون ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى ئاقىلانىلىك ھەم ئىنتايىن قايغۇلۇق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى.

ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سىماب چىراغ ئۆچتى. نىكسون ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئېلىپس شەكىللىك ئىشخانىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

كىسسىنگېر ئەترگۈللۈككە ياندىش كارىدوردا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ـ دە:

ــ زوڭتۇڭ ئەپەندى، ئىلگىرى سىز بۇ ئىشخانىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا، تۇرالغۇڭىزغا بىللە قايتاتتۇق، بۈگۈن ئاخشام يەنە سىز بىلەن بىللە قايتقان بولسام، ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلغان بولاتتىم، ــ دېدى. ئۇلار كارىدورنى بويلاپ زوڭتۇڭنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە قايتتى.

9 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن كابىنېت ئەزالىرى ۋە ئاقسارايدىكى خىزمەتچى خادىملار نىكسون بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئاقسارايىنىڭ شەرقىي زالىغا يىغىلدى. سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ھەربىي ئىشلار ئاديۇتانتى زوڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەپىقىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا «زۇڭتۇڭغا ئالقىش ياڭرىتايلى» ناملىق مۇزىكا ئورۇندالدى. كەيپىيات چىدىغۇسىز دەرىجىدە سوغۇق ئىدى. نىكسون خۇشلىنىش يۈزىسىدىن نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولاتتى. ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىز چوڭقۇر تاغ جىلغىسىدا تۇرغان ۋاقتىڭىزدىلا، ئاندىن ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇشنىڭ قانچىلىك قالتىس ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

سائەت 10 دا نىكسون ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئاقسارايى ئەتىرگۈللۈكىدىكى چىملىقتا سېلىنغان قىزىل پاياندازدىن ئۆتۈپ، بىر تىك ئۇچار ئايروپىلانغا چىقىپ، ئاندرېۋس ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا قاراپ يول ئالدى، ئۇ بازىدىن «ھاۋا ئارمىيىسى 1 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلانغا ئالمىشىپ كالىفورنىيە شتاتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سائەت 11 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، نىكسون قاتتىق ھەسرەت چېكىپ ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن چەكسىز بۇلۇتلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىدا، كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا نىكسوننىڭ خايگ ئارقىلىق تاپشۇرۇلغان خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

*سۆيۈملۈك دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئەپەندى:*

*مەن ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىمەن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*رىچارد نىكسون*

كىسسىنگېر بۇ خەتكە قاراپ كۆڭلى ئېيتقۇسىز مۇرەككەپ ھېسسىياتقا تولدى. كىسسىنگېر نىكسوننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغانىدى، ئەمدى تەقدىر ئىلاھى نىكسوننى ئۇنىڭ ئالدىغا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ھالبۇكى، نىكسوننىڭ جىمجىتلا كېتىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، كىسسىنگېرنىڭ شانۇشەۋكەتلىك دەۋرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدا تارىسى

# توققۇزىنچى باب تىمتاس يىللار

1974 ـ يىلى 9 ـ ئاۋغۇست نىكسون ئاقسارايدىن ئايرىلغىنىغا تەخمىنەن ئىككى سائەت بولغاندا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ فورت قەسەم بېرىپ زۇڭتۇڭ بولدى.

فورت زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ پەرمان چۈشۈرۈپ، كىسسىنگېرنى داۋاملىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇشقا تەيىنلىدى.

كىسسىنگېر فورتنىڭ قول ئاستىدا ئىككى يىل بەش ئاي دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئامېرىكا كۈچىنىڭ ئاجىزلىششى شۇنداقلا يوروۋق بىنا ۋەقەسىنىڭ قالدۇق تەسىرى تۈپەيلىدىن، كىسسىنگېر ئەمدى دىپلوماتىيە سەھنىسىدە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كاتتا ئىشلارغا رىېژىسسورلۇق قىلالمىدى، ئاساسەن ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن دىپلوماتىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بەند بولدى. بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر تاشلىساق، سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا ھەيۋە قىلىپ ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ئامېرىكا بولسا ئومۇمىي سەپ بويىچە چېكىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ۋە ئافرىقىدىكى ئانگولادا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. پۈتكۈل 70 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئامېرىكا مۇداپىئەدە تۇرغان يەر شارى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1975 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يوروۋق بىنا ۋەقەسىدە نىفىت كرىزىسىنىڭ ئېغىر تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنام ئۇرۇش

مەيداندا يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش قىلىشقا مادارى قالمىدى، دەپ پەرەز قىلدى. شۇڭا، 1975 ـ يىلى ئەتىيازدا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، جەنۇبىي ۋيېتنام قوشۇنلىرى بىر پەشۋاغا يارىماي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. فورت ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ۋيېتنام دائىرىلىرىگە بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن پارلامېنت جەددىي ھەربىي ياردەم بېرىشكە ئاجرىتىلىدىغان پۇلنى تەستىقلىمىدى. جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ قالدى. ئاپرېلدا كامبۇدژادا لون نول ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشتى. 29 ـ ئاپرېل سايگون ئىشغال قىلىندى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئامېرىكا خادىملىرى تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن قېچىپ كەتتى. شىمالىي ۋيېتنام بىلەن جەنۇبىي ۋيېتنام بىرلەشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، لائوس ۋەتەنپەرۋەرلەر سېپىمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. ئامېرىكا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولدى. ئامېرىكىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە غايەت زور تەسىر يەتكۈزدى. تايلاند ئالدى بىلەن ئامېرىكىدىن ۋيېتنامنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. فىلىپپىن، تەيۋەن، كورېيە ھەتتا ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىدىن ئۆزلىرىنى قوللىشى جەھەتتە يېڭىۋاشتىن كاپالەت بېرىشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكا ئۇيۇشتۇرغان، ئاساسەن يېڭى جۇڭگوغا توسقۇنلۇق قىلىشنى مەقسەت قىلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەھدى تەشكىلاتى پارچىلاندى. ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى خېلى بەك ئاجىزلاپ كەتتى.

1975 ـ يىلى 11 ـ نويابىر ئافرىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئانگولا پورتۇگالىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى

جاكارلىدى. ئەمما، ئانگولا مۇستەقىل بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئۇرۇش قىلغۇچى بىر تەرەپ «ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى (قىسقارتىلىپ «خەلق ھەرىكىتى» دېيىلىدۇ) تەشكىلاتىغا ھەربىي جەھەتتە زور مىقداردا مەدەت بەردى ھەمدە كۇبادىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر چىقىرىپ، ئانگولانىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قاتناشتۇردى. «خەلق ھەرىكىتى» تەشكىلاتىغا قارشى «ئانگولا مىللىي ئازادلىق سېپى» (قىسقارتىلىپ «ئازادلىق سېپى» دېيىلىدۇ) ۋە «ئانگولانىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەقىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» (قىسقارتىپ «ئانگولا ئىتتىپاقى» دېيىلىدۇ) دىن ئىبارەت ئىككى تەشكىلات ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، يەنە بىر قېتىم پارلامېنتنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، نەتىجىدە «خەلق ھەرىكىتى» تەشكىلاتى «ئازادلىق سېپى» ۋە «ئانگولا ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى تېزلا تىرىپىرەن قىلدى ھەمدە ئانگولا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ئامېرىكا بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

بۇ بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەر نەتىجىسىدە فورت ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىدى، كىسسىنگېر ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەندى. ئەمما، سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئامېرىكىنىڭ 70 ـ يىللاردىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبى چوڭقۇر بولغاچقا، كىسسىنگېر كامالەتكە يەتكەن قابىلىيىتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئوڭشاشقا ئامالسىز ئىدى. چۈنكى، بىر تەرەپتىن 70 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئامېرىكىدىن مۇئەييەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قىتئەلەر ئارا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ سانى ئامېرىكىدىن 50 پىرسەنت، تانكىسى ئامېرىكىدىن تۆت ھەسسە، چوڭ تىپتىكى ھەربىي

پاراخوتلىرى 20 پىرسەنت ئەتراپىدا ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىش سىياسىتىنى يولغا قويماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، يورۇق بىنا ۋەقەسىدىن كېيىن زۇڭتۇڭ بىلەن پارلامېنتنىڭ زىددىيىتى مەركەزلىك ھالدا ئاشكارىلاندى. ئامېرىكىدا زۇڭتۇڭلار ئىزچىل تۈردە غايەت زور ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنىدى، نىكسون ھەتتا «پادىشاھقا ئوخشاش زۇڭتۇڭ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە زور دىپلوماتىيە پائالىيىتى پارلامېنتتىن يوشۇرۇن ئەھۋالدا مەخپىي ئېلىپ بېرىلغانىدى. يورۇق بىنا ۋەقەسىدىن كېيىن، پارلامېنت زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. كىسسىنگېر ئەمدى نىكسون دەۋرىدىكىدەك ئۆزى خالىغانچە مەخپىي دىپلوماتىيە بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. پارلامېنت ھۆكۈمەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ئارىلىشىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى كۆپ قېتىم رەت قىلغاچقا، كىسسىنگېرمۇ ئىلگىرىكىدەك دۇنيا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1976 ـ يىلى نويابىردا ئامېرىكىدا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن كارت فورتنى يېڭىپ يېڭىدىن زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلاندى. كىسسىنگېرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەختتىن چۈشتى. كىسسىنگېر ھۆكۈمەت خىزمىتىنى سەككىز يىل ئىشلىگەن ھاياتىدا ئامېرىكا مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى ــ ئەركىنلىك ئوردېنىغا ۋە فورت قوشۇپ بەرگەن «ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

پاراكەندىچىلىك ۋە مۇشكۇل كۈرەش بىلەن تولغان سەككىز يىلنى ئەسلىگىنىدە، كىسسىنگېر قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ پىلانلىشى ۋە رېژىسسورلۇق قىلىشى بىلەن سەككىز يىلدىن بۇيانقى دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ئامېرىكا ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى. ئىستراتېگىيىلىك قورال-لارنى چەكلەش توغرىسىدىكى كېلىشىم ئىمزالاندى. يادرو ئۇرۇشى خەۋپى زور دەرىجىدە ئازايدى. تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان كىشىلەر كەلگۈسىدىن ئانچە-مۇنچە ئۈمىد كۆتتى. ۋېيتنام ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان جەڭچىلەر قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولدى. ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىق پەسەيدى، ئەمما ئۇرۇش قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتلەرنى خېلى ئۇزاقتا ساقايتقىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تېخىمۇ كېڭەيدى. ئىستىقبال تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئوتتۇرا شەرقتە تۇنجى قېتىم تىنچلىق تاڭ نۇرى كۆرۈندى.

ئۇزاق سەككىز يىل مانا مۇشۇنداق ئۆتتى - تىنىسىز ئۆتۈپ كەتتى. كىسسىنگېر بۇ سەككىز يىلدا بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈردى، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، خۇشال بولدى، شۇنداقلا غەم-ئەندىشىمۇ قىلدى. ئۇ تارىخشۇناسلىق سالاھىيىتى بىلەن 19-ئەسىردە ئۆتكەن مېتېرنىخنىڭ «كۆچلەر باراۋەرلىكى دىپلوماتىيىسى» ئىدىيىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ھارماي-تالماي ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆپ قۇتۇپلۇق كۈچلەر بىر-بىرىنى ئۆزئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان دۇنيا سىياسىي قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاجايىپ تالانتى ۋە تەدبىرى بىلەن كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىۋاتقان ئامېرىكىنى دۇنيا سەھنىسىدە ناھايىتى زور رول ئوينىتاتتى.

كىسسىنگېر دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، سىياسىي سەھنىدە شۇنىڭ بىلەنلا ئۇن-تىنسىز يوقاپ كەتمىدى. ھوقۇق مەركىزىگە كىرگەن ئادەم ئۇچۇن تىنچ تۇرمۇش بەك زېرىكىشلىك بىلىنىدۇ.

مەشھۇر دىپلومات سالاھىيىتى بىلەن، كىسسىنگېر مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارا سىياسىي ساھەدىكى ئاتاقلىق ئەربابلار بىلەن چوڭقۇر خۇسۇسىي دوستلۇق ئورناتقانىدى. بۇنداق

دوستلۇق ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈپ كېتىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالمىدى. كىسسىنگېر ئۇلار بىلەن ئالاقىلەشتى ھەمدە بۇ ئالاقىلەر ئارقىلىق خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇردى. كىسسىنگېر ئىلگىرىكىدەكلا ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ قەدىناس دوستلىرىنى زىيارەت قىلاتتى، جامائەتچىلىككە دىپلوماتىيە توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەيتتى. گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ ھۆكۈمەتنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە باھا بېرەتتى. ئۇ مول تەجرىبىگە ۋە غايەت زور خەلقئارا تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەر بىر ئوبزورى ۋە نۇتقى ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايتتى.

1979 ـ يىلى كۈزدە كىسسىنگېر ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسى «ئاقسارايدا ئۆتكەن كۈنلەر»نى نەشر قىلدۇردى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ داۋامى «ئەنسىز يىللار»نى نەشر قىلدۇردى. «ئاقسارايدا ئۆتكەن كۈنلەر»دە 1968 ـ يىلى نويابىردا نىكسون زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندىن تارتىپ 1973 ـ يىلى يانۋاردا ئۇنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيىسى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئۆزىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى، ۋيېتنام ئۇرۇشى ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ئامېرىكا ـ ۋيېتنام تىنچلىق سۆھبىتى، جۇڭگو بىلەن قىلغان مەخپىي دىپلوماتىيە ئالاقىنىڭ پۈتۈن جەريانى، شۇنداقلا بۇ ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، چىلى سىياسىي ئۆزگىرىشى، ھىندىستان ـ پاكىستان ئۇرۇشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. «ئەنسىز يىللار»دا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ 1974 ـ يىلى ئاۋغۇستتا نىكسون يوروۋق بىنا ۋەقەسى تۈپەيلىدىن تەختتىن چۈشۈپ كەتكۈچە بولغان مەزگىلىدىكى ئىچكى ـ تاشقى زور ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدا 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى، ئۇنىڭ مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ سەپەر قىلىش دىپلوماتىيىسى، يورۇق بىنا ۋەقەسى ۋە نىكسوننىڭ ئىستېپا بېرىش جەريانى، نېفىت كرىزىسىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

كىسسىنگېرنىڭ ئىككى كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولغان نىكسون ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتى، شۇنداقلا زور خەلقئارا ۋەقەلەر تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. بۇ دەۋردە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭقۇر ھەم زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى. ئامېرىكا خەلقئارا ئىشلاردا ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ھۆكۈمرانلىق رولىنى ئوينىيالمايتتى. كىسسىنگېر مۇشۇنداق دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، پەسەيتىشنى قارشىلىشىشنىڭ ئورنىغا، سۆھبەتنى مۇداخىلىنىڭ ئورنىغا، ئەپچىل دىپلوماتىك ياراشتۇرۇشنى قىيپالىڭاچ ئەمەلىي كۈچلەر بىلەن ئېلىشىشنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت يېپيېڭى بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بەرپا قىلغانىدى.

كىسسىنگېر بۇ بەش يىل سەككىز ئاي ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ نىكسوننىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئادەمگەرچىلىكىنىمۇ خېلى كۆپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە نىكسون مىجەزى غەلىتە، سەزگۈر، ئادەتتىن تاشقىرى تەقدىرپەرەس ئادەم، باشقىلار بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ تەدبىرىنى غەلىتە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يولغا قويىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا روشەن ئىستراتېگىيىلىك نەزەر بار، زۆرۈر تېپىلغاندا كەسكىن ھەرىكەتمۇ قىلالايدۇ. ئۇ قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاندى.

ئۇ ئىككى ئەسلىمە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كىسسىنگېر

ئۇنىڭدىن نەچچە مىلىيون دوللار كىرىمگە ئېرىشتى. شۇنداقلا ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆستى. «بالتىمو قۇياشى گېزىتى»دە كىسسىنگېرنىڭ ئەسلىمىسى، ئۇنىڭ ۋاشىنگتونغا قايتىپ كېلىپ، سان ـ ساناقسىز خەلقئارا مەسىلىلەر سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئىشىكتىن كىرىش بېلىتى بولدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1980 ـ يىلى ئومۇمىي سايلامنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كىسسىنگېر سىياسىي ساھەسىگە يېڭىۋاشتىن قايتىپ كېلىپ مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيدىكەن، دېگەن خەۋەرلەر كەڭ تارقالدى. بولۇپمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى رېگان كارتېنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زۇڭتۇڭلۇق بولغاندىن كېيىن، بۇنداق خەۋەرلەر رېئاللىققا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرىدا كىسسىنگېر رېگان ھۆكۈمىتىدە ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتىمىدى. ئەمەلىيەتتە، ھېلىقى سەككىز يىللىق سىياسىي ھاياتى ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مەنپەئەت ۋە ئابرۇي ئەكەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا ئارتۇقچە خەۋپ يۈكلىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى ۋە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

20 يىل ئىمتاس ئۆتۈپ كەتتى، كىسسىنگېر دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە باشتىن ـ ئاخىر كۆز تىكىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى تېرىغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئۇرۇقىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. 1979 ـ يىلى جۇڭگو ـ ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. كىسسىنگېر جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ھەم سىرلىق زېمىنغا باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن ئىشتىياق باغلىدى. كارت ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، ئۇ جۇڭگو ـ ئامېرىكىنىڭ بالدۇرراق دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولدى. 17 يىلدىن بېرى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەندە، ئۇ ئامېرىكا رەھبەرلىرىگە جۇڭگو بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلدى، جۇڭگو بىلەن ئىزچىل دوست بولۇش ئامېرىكىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دېگەننى تەكىتلىدى. بولۇپمۇ 1989 ـ يىلى يۈز بەرگەن ماجىرادىن كېيىن، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى سوۋۇپ قالغاندا، كىسسىنگېر قايتا ـ قايتا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان جازا چارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جاسارىتى ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ جۇڭگونى تۇنجى قېتىم مەخپىي زىيارەت قىلغان چاغدىكى جاسارىتىدىن قېلىشمايتتى.

بوران ـ چاپقۇنلۇق دۇنيادا كىسسىنگېر شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى كۆردى. ئۇ كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىيون سالاھىيىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سوغۇق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقىغا تەنتەنە قىلدى. لېكىن، ئىستراتېگىيىلىك نەزەرگە ئىگە سىياسىيون بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن، يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئامېرىكىنىڭ يالغۇز رەھبەرلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئېقىمى دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

يىللار رەھىمسىز كېلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. 1995 ـ يىلى كىسسىنگېرنىڭ ئەڭ يېقىن سىياسىي ھەمراھى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن خەلقئارادا ۋە مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق ئەرباب قىلىپ يېتىشتۈرگەن نىكسون يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدە ۋاپات بولدى. ئامېرىكا تارىخىدا ھەممىدىن بەك تالاش ـ تارتىش قىلىنغان بۇ ئاجايىپ ئىنساننىڭ ۋاپاتى غايەت زور ئىنكاس قوزغىدى. كىسسىنگېر دەپنە مۇراسىمىغا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى. 72 ياشقا كىرگەن كىسسىنگېر ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى

بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ پېشقەدەم ھەمراھىنىڭ جەسەتىگە قارىغىنىدا ئۆزىنى تېخىمۇ بەك قېرىپ كەتكەندەك ۋە يېگانە ھېس قىلدى. ئۇ رەھىمسىز يىللارنىڭ ئاقىۋەت ئۆزىگىمۇ مۇشۇنداق بىر كۈننى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، دۇنيادا قانداق بوران - چاپقۇنلار چىقسۇن، ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشلىرى بىلەن بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# كىسسىنگېر يىلنامىسى

1923 ـ يىلى 27 ـ ماي گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە ئوبلاستىنىڭ فورت شەھىرىدە تۇغۇلغان.

1938 ـ يىلى يۆتۈن ئائىلىسى بويىچە ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىگە كۆچۈپ بارغان.

1943 ـ يىلى 19 ـ ماي رەسمىي ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

1947 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن. سېنتەبىردە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

1949 ـ يىلى فېۋرالدا ئاننېلس فلېيشېر بىلەن توي قىلغان.

1954 ـ يىلى پەلسەپە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1962 ـ يىلى خارارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان.

1968 ـ يىلى 28 ـ نويابىر دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بولغان.

1969 ـ يىلى فېۋرالدا نىكسونغا ھەمراھ بولۇپ ياۋروپانى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان.

1971 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا مەخپىي بارغان.

21 ـ فېۋرال نىكسونغا ھەمراھ بولۇپ جۇڭگونى زىيارەت قىلغان.

1972 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل موسكۋاغا زىيارەتكە بېرىپ، ئامې ـ رىكا ـ سوۋېت ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىگە تەييارلىق قىلغان.

1973 ـ يىلى 23 ـ يانۋار ۋېيتنام ۋەكىلى لې دېشو بىلەن ۋېيتنام تىنچلىق كېلىشىمىگە دەسلەپكى قەدەمدە

ئىمزا قويغان. 22 ـ ئاۋغۇست دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 6 ـ ئۆكتەبىر 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان. 16 ـ ئۆكتەبىر ۋېيتنام ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1977 ـ يىلى 20 ـ يانۋار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىدىن ئايرىلغان.

[General Information]
书名=外交大师—基辛格　维吾尔文
SS号=40256060

www.uyghurkitap.com